ئابدۇقادىر جالالىدىن

# كۆيگەن دېڭىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كۆيگەن دېڭىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1227
66

封面设计：艾克拜尔. 萨里



www.uyghurkitap.com

ISBN 7-228-06428-3

9 787228 064281 >

ISBN 7-228-06428-3
.2369(民文)定价：10.00元

15
1227
66

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# كۆيگەن دېڭىز

(شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
空中阁/阿.加拉里丁著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.6
ISBN7-228-06428-3
Ⅰ.空… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代
维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1227
中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第028727号

# 空中阁

阿.加拉里丁著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 7.125印张
2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7-228-06428-3/I.2369(民文)定价:10.00元

مەسئۇل تەھرىرى: ھاجى قۇتلۇق قادىرى
مەسئۇل كوررېكتور: ئىلياس رەھىمى

# كۆيگەن دېڭىز

ئاپتورى: ئابدۇقادىر جالالىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋەنلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/23
باسما تاۋىقى: 7.125
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـ 3000
ISBN7 — 228 — 06428—3/I. 2369
باھاسى: 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر جالالىدىن

# ئاپتوردىن

ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشتى.
ياشاش قىيىنلاشتى.

ياشاش ئېھتىياجى مېنى تاشقى تەسىرلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئىچكى ھاياتىمنىڭ تىۋشلىرىغا قۇلاق سالىدىغان چاغلىرىم نەقەدەر ئاز! سىرتىمدىكى ئاۋازلار مېنى كۆمۈپ تاشلىغان.

پاك كۆزلىرىمنى سىغدۇرالايدىغان بوشلۇق ئىزدەيمەن، يۇلتۇزلار يىراقلاپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ غۇۋا جىمىرلاشلىرى توزۇغان شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئېسىمگە سالىدۇ. ئاھ، مەڭگۈلىكنىڭ سەپىرىدىكى دۇنيا نېمانچە پەرىشان!

جىق نەرسىلەرنى ئۆگۈنۈشۈم كېرەك. لېكىن، ئۆگەنگەنلىرىم ئىچىدە ئۆزۈمنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم، بىلىملىرىم ئىچىدە ئۆزۈمگە ئائىت نەرسىلەر ئاز قالغانسېرى، شۇنچە مۇساپىرلىق ھېس قىلىمەن. كاللام تەقدىرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولغان بىر شەھەركى، بۇ شەھەردىن ئۆزۈمنى تاپالمايمەن.

مىسلىسىز يوقسۇزلۇق مېنى غەمكىن قىلىپ قويىدۇ، ئۈچ-چېكى يوق غېرىبلىق مۇزدەك تۇمشۇقى بىلەن پېشانەمنى سۆيىدۇ.

مۇشۇنداق چاغدا شېئىر مېنى چاقىرىدۇ.
كىشىلەر ئارىسى بىر جاڭگال.
ئۆز - ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن.
مەن شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى تاپالايمەن.
مەن شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى داۋالايمەن.

مەن شۇنداق بىر دارۋاز، قارار گاھىم كۆرۈنمەس يىراق، تاماشىبىنلىرىم يوق ھېسابتا.

تاكى ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمنىڭ قۇدرىتى تولۇق نامايەن بولغۇچە بىر تەۋەككۇلچىمەن.

مەندىكى ئارزۇ شۇ: شەيئىلەرگە چۈشكەن بىر دەقىقىلىق نەزىرىم مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئايلانسا دەيمەن.

ئۈنسىزغىنچە كۆزلەرىمنىڭ جەۋھىرىنى شېئىرىمنىڭ بىلەي تىشىدا بىلەيمەن.

2001 - يىل ئاپرېل. ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

قىزارغان ئۈپۈق ........................ 1
غالىپ چوققىلار ........................ 2
ناخشا ........................ 3
ئەي، يامغۇر ........................ 7
تاڭدىكى يالقۇن ........................ 8
كارۋان قەسىدىسى ........................ 9
تاش قەسىدىسى ........................ 14
ھىجران ........................ 27
بەختىمنىڭ دىلبىرىنى قۇچالامدىم ........................ 28
ئاسمان تۇتار يۇلتۇزلاردىن گۇلدەستە ........................ 29
قانات قېقىپ ئۇچتى كىچىك قۇش ........................ 31
مەن بۇ ياقتا، سەن ئۇ ياقتا يىگانە ........................ 33
تىپىرلايدۇ جۇپ يۈرەك ........................ 35
ھىجران يېشى ........................ 36
كونا قەلئە ........................ 37
ئاھ، ئاي نۇرى ........................ 42
جانانغا ........................ 44
سېنىڭ كۆزلىرىڭ ........................ 45
ئوغۇز ........................ 46
جان ئىچىدە ........................ 47
پەلەك ۋە مەن ........................ 48

قاراچاچ بەزمىسى ........................ 49

قەلەم ۋە شائىر ........................ 50

پەردە ........................ 52

مۆجىزات ........................ 54

پورەكلىدى ئۈمىدىمنىڭ لالىسى ........................ 56

قىيا دولقۇن، مەن ........................ 57

خىياللار، خىياللار ........................ 58

ئاق لەيلى ........................ 60

غايىپ بولماس تامچىلار ........................ 62

يەنە دېڭىز ........................ 70

بوران مېنىڭ نامىمدىن ئۈنلەر ........................ 71

زېمىن بىر نوتا ........................ 72

بىلەرسەنمۇ ........................ 73

سەن سەھەردە غايىپ بولدۇڭ قاياقتا ........................ 75

چۇقان ........................ 76

چۈشەندىم بار ئىكەن شائىردەك كۆڭلۈڭ ........................ 77

ناخشامدا ياراتتىم قىشتىمۇ باھار ........................ 78

ئاھ، چۆل شامىلى ........................ 80

تىنىق ........................ 82

ھىجران قىسسىسى ........................ 83

تۇل ئانا ........................ 84

رادىكال ئاستىدىكى دۇنيا ........................ 86

ئەلچى ........................ 87

ئۈيقۇدىكى پەرىزات ........................ 88

زاھىد ........................ 89

بارىمەن يەنە ........................ 91

قىشتىكى خامان ........................ 92
يوپۇرماقسىز بىر تۈپ ئاق تېرەك ........................ 94
بوۋاي ۋە ئاي ........................ 95
قويۇن ۋە سەھەر ........................ 97
سايە ........................ 99
مۇھەببەت لېرىكىلىرى ........................ 100
قەلئە ........................ 105
قۇش ناخشىسى ........................ 106
تامچە ........................ 107
ئۆلۈم ناخشىسى ........................ 108
ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ ........................ 109
توزغاق ........................ 111
سۇمۇرغ ناخشىسى ........................ 120
كۆڭۈل گەردىشى ........................ 126
جىمجىتلىققا بېغىشلاپ ........................ 132
كېچىنىڭ تاجى ........................ 133
ئېتىقادسىز ئېتىقاد ........................ 134
مەن سېنىڭ روھىڭدا يۇيۇنغان قىرغاق ........................ 135
مەڭگۈلۈك ئىستىلىستىكىسى ........................ 137
ئۆز بېشىنى ئۇنتۇغان شېئىر ........................ 138
بەندىلىك خارابىسى ........................ 140
كۆيگەن دېڭىز ........................ 142
چۆقان بەزمىسىدىن قايتتى بىر دەريا ........................ 149
قارا بوزغۇن ........................ 151
ئېتىز ........................ 155
توزانلارغا ئايلانغان بىر سۆز ........................ 160

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش تورى

كەل، مەن بۇ يەردە ........ 163
كىچە ئەينىكى ........ 164
بوگۈنگە يېقىن ........ 166
قايىم بولاق ........ 168
قايتىش ........ 170
تۈز قەسىدىسى ........ 172
شاخ ........ 176
كروران گۈزىلىگە ........ 177
تېنگەن روھ ........ 178
رەستە ........ 180
تۇغۇلغان كۈن ........ 181
ئاۋازسىز تىل ........ 182
خىلۋەتتىكى يامغۇر تامچىسى ........ 183
قىشنىڭ تەرجىمىسى ........ 184
هايات ۋە شائىر ........ 185
ۋەتەن ۋە ئىمان ........ 186
ئاق قۇشقاچ ........ 188
شەھەردىكى باللار ........ 189
هاۋا قەسرى ........ 190
ئوت كەينىدىكى يامغۇر ........ 195
مۇساپىر ناخشىسى ........ 197
بوگۈنكى رىۋايەت ........ 198
ئۇنتۇلماس ئاخشام ........ 199
ئاتەش ........ 200
ساھىل ۋە هايات ........ 201
سىرىنگۈل ........ 202

سەھرادىكى سۆيگۈ قوشىقى ........................ 203
جانان قىز ........................................ 207
كۆزدىكى سېغىنىش ................................ 208
ئوقيا ............................................. 209
بويتاق ناخشىسى ................................. 210
يارغول خارابىسى ............................... 211
سەيياھ بالا ...................................... 214

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىزارغان ئۈپۈق

پايانسىز ئېكىنزارنى ئاداققىدەم،
ئۇخلىتار تۈننىڭ قارا پۈركەنجىسى.
مەشرىقنىڭ ئاسمىنىدا ياندى شۇدەم،
قىزىل تاڭ يالقۇنىنىڭ سەرەڭگىسى.

كېچىنىڭ قارا رەڭگى ئۆڭۈپ ئاستا،
تەبىئەت ئاچتى غۇۋا چىرايىنى.
تورغايلار چالدى شۇ چاغ زورۇققاندەك،
پەس ئۈچۈپ ئويغىنىشنىڭ سۇنايىنى.

قىسىدە ئوقۇپ قۇشلار تاڭ شەنىگە،
گۈگۈمنىڭ جىمجىتلىقى بولدى غايىپ.
شوخ شامال ئۇيقۇدىكى كەڭ ئۈپۈقنىڭ
قارامتۇل چۈمبىلىنى ئاچتى قايرىپ.

كۆرگەندە ئىشقا ماڭغان يىگىت - قىزنى،
قىزاردى ئۈپۈق بىردىن خىجالەتتە.
پەزىلەت پەرىسىگە بېقىپ مەپتۇن
قۇياشمۇ ئاچتى چىراي كامالەتتە.

1984 - يىلى، قەشقەر

## غالىب چوققىلار

غۇرۇر بىلەن كۆك قەرىگە ئىنتىلەر،
كەچمىشكە باي ئاقباش تاغلار دولقۇنى.
قارا بۇلۇت تاشلاپ قارا كۆلەڭگە،
كۆزىتىدۇ تىك ۋە مەغرۇر چوققىنى.

پارتلىغاندەك تۇپىنىڭ ئوقى تۇساتتىن،
سادا كېلەر بۇلۇتلارنىڭ قېتىدىن.
غالىب ئۇندە جاۋاب بېرەر تاغلارمۇ،
چۇشمەي ھامان باھادىرلىق ئېتىدىن.

جاراھەتكە تولدى بۇلۇت قۇچىقى،
كۆككە يەتكەن چوققىلارنىڭ بىسىدىن.
جاھان ئىزگۇ تۇيغۇلارنى قۇچىدۇ،
جىرالاردا ئاققان پەلەك يېشىدىن.

1984 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ناخشا

كىرپىكلەرنىڭ قاراۋۇلى ياندىشىپ،
ئۇزاتماستىن كۆزنى ئۇيقۇ ئۆيىگە.
سەمە بولدى سەگەك خىيال سىلكىنىپ،
بىر يۈرەكنىڭ مىسكىن تەنھا كۈيىگە.

يىراق يەردىن كېلەر ئاستا يېقىنلاپ،
كولدۇرمىنىڭ بوغۇق بىر خىل ساداسى.
ئاڭا تەڭكەش بولغان لەرزان ناخشىنى،
سۈمۈرىدۇ تۈننىڭ سالقىن ھاۋاسى.

ناخشا دىلنى ھۇزۇرىغا سۆيلەيدۇ،
مەھلىيالىق بۆشۈكىدە تەۋرىتىپ.
مانا ئەمدى شۈنچە روشەن ئاڭلىنار،
مۇڭى يۈرەك بېغىشىنى تىترىتىپ.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
يامغۇر بولۇپ ياغارمۇ.
سېغىندۇرغان جانان قىز،
كۆلۈپ بىر كۈن باقارمۇ.

ھەربكەتلىنىپ ئۇنئالغۇسى بېشىمنىڭ،
ناخشا زېھنىم لېنتىسىغا كۆچەتتى.
ئويغاق ھالدا مىنۇتلارنىڭ قاتارى،
خىيالى چۈش دۇنياسىدىن ئۆتەتتى.

ئۇزاق يوللار ياتار تىمتاس سوزۇلۇپ،
ئات ھارۋىسى بارار ئۇندا جىرىڭلاپ.
سايرىشىدۇ تۇن ۋىسالى ئىلكىدە،
ئىشرەت سۇرگەن چېكەتكىلەر چىرىلداپ.

كۆكنىڭ شايى رومالىدۇر ئاي نۇرى،
كەشتىسىدۇر ئاققۇ كەبى بۇلۇتلار.
رىشتە باغلاپ ئۇيقۇدىكى زېمىنغا،
تاشلار نەپىس تالا - تالا يورۇقلار.

توقايلىق ھەم دەرەخزارلار يىراقتىن،
تاشلىنىدۇ كۆزگە قارا سايىدەك.
قاراڭغۇلۇق مۆككەن ئورمان قېتىغا،
ئورمان ئۇنىڭ خىلۋەت پاناھ جايىدەك.

شۇتاپ غايەت سېھرى بىلەن مەست قىلىپ،
ھارۋىكەشنىڭ كۇيى قۇچار ئەتراپنى.
بولۇپ دالا ھوشسىزلىقىقا مۇپتىلا،
يېپىنغانچە ياتار كومۇش چايشاپنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رىتىملىق بىر مۇزىكىدەك تۇيۇلار،
كولدۇرمىنىڭ تىنىم تاپماس ئاۋازى.
يول چېتىدە تۇرار چۇۋۇپ چېچىنى،
تال - سۆگەتلەر، قورشاپ مۇڭنىڭ سەرۋازى.

ناخشا مۇڭى ئۆرلەپ ھەتتا پەلەككە،
ئۆڭدى تولۇن ئاينىڭ زەرگۈن جامالى.
ئاق بولۇتقا چۇمكەلدى ئاي، يۇزىگە —
ياغلىق تۇتۇپ يىغلىغان قىز مىسالى.

ئاينىڭ ئاشۇ ھالىتىنى بىرلا چاغ،
قانچە كۆللەر تارتىۋالدى سۇرەتكە؟
ئاسمان جاۋاب بېرەلمەستىن بولدى لال،
فوتو سۇرەت بابىدىكى كۆرەككە.

ناخشا چەكسىز تۇن باغرىغا تارايدۇ،
نۇر دولقۇنى ھەر تەرەپكە ئاققاندەك.
يەرۇ كۆكتە ئاقۇش تۇمان لەيلەيدۇ،
زېمىن گويا مۇڭدىن ئېغىر تىنغاندەك.

ناخشا ـ تۇندە پەرۋاز قىلغان شۇ ئاھاڭ،
ئوتلۇق كۆڭۈل ئەسرارىنىڭ يەشمىسى.
باسقىنىدا پىراق كۆيچى قەلبىنى،
ئېغىزلاردىن چىقار كۆينىڭ چەشمىسى.

يامغۇرنى تۆكمەي ۋىسال بولۇتى،
پالىغانمۇ تەشنالىقنىڭ چۆلىگە؟
ئىستەك ئوتى ئۆچۈن، ئەمدى ۋاباللىق —
يەتكەنمىدۇ ئەقىدىنىڭ گۈلىگە؟

جان قوشامدۇ ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگە،
نىگارنىڭ كۆلگەن ئوماق نىگاھى.
ناخشا بىلەن قىلار نېچۈن ئىلتىجا،
بولمىسا قۇت كەۋسىرىدىن تامايى.

ناخشا تۇنگى تەبىئەتنىڭ ئەركىسى،
سۆيەر كۆكنى، زېمىننى ھەم باغاشلاپ.
ئايان ئىدى شۇنداق سوئال، يۇلتۇزنىڭ —
يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاراقلاپ.

ئات ھارۋىسى بېسىپ ئۆزاق يوللارنى،
بارار شۇ تاپ كۆزلەپ قايسى نىشاننى؟
يېتەر چەككە مېڭىپ شۇنداق قايسى چاغ،
خوجايىنى كۈيلەپ سۇمبات جاناننى؟

سىرداش بولۇپ ئاي قارايدۇ رۇجەكتىن،
تېكەر ئىدىم مەنمۇ ئويچان كۆزۈمنى.
ناخشا نىكەم كەتتى مەندىن يىراقلاپ،
مۇڭى تېخى داۋالغۇتار كۆكسۈمنى.

1984 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەي، يامغۇر

ھەيۋە قىلىپ گۈلدۈرۈك بىلەن
تۆن قوينىدا ياغقان ئەي، يامغۇر.
كۆزنەكلەرنى بىر خىل رىتىمدا
چېكىۋەرمە.
ئانىلارنىڭ
بالىلارنىڭ
ئۇيقۇسىنى ئوغرىلاپ قېچىپ،
چۈشلىرىنى بۇزۇپ، چىشىغا —
تېگىۋەرمە.
توختا ئەمدى،
توختىمىساڭ گەر
تۆشەكتىكى ۋىسال دېمىنىڭ
مۇزىكىسى بولۇپ قالىسەن.
كارغا كەلمەي ئاشۇ قىلمىشىڭ،
ھالىرەڭ رومال ئارتقىنىدا تاڭ،
قىزىرىپ گۈل چاناقلىرىدا،
ياپراق ئۈستىدە
خىجىللىقتا تۇرۇپ قالىسەن.

1984 - يىلى، قەشقەر

## تاڭدىكى يالقۇن

ىكىلىپ ھالرەڭ ئۇپۇق چېھرىسىگە،
تۇرىمەن تىڭ چوققىنىڭ گەجگىسىدە.
شىر مىجەز ئوغلانغا خاس مەغرۇر تۇيغۇ،
ئۆركەشلەر ئېگىز تاغلار زىمىمىسىدە.

بۇلۇتلار دېڭىز مىسلى ياساپ دولقۇن،
لەيلەيدۇ جىرالارنىڭ قۇچىقىدا.
خىيالىي دۇنيا كەبى بولۇپ قىشلاق،
كۆرۈنەر تۇمانلارنىڭ يوچۇقىدا.

داۋالغۇپ قاپتاللاردا بولۇت بەھرى،
ئۇرۇلار قىيالارغا قەھرى بىلەن.
نامايان بولدى بىردىن قانلىق جەڭگاھ،
چىققاندا قۇياش قىزىل نەرە بىلەن.

گويا تاغ غۇرۇرىنىڭ جەۋلانىدۇر،
بۇركۈتنىڭ قېقىلغان پەر - قاناتلىرى.
گۈزەل تاڭ جىلۋىسىدىن سۆيۈنۈپ دىل،
جۇش ئۇرار مەھلىيالىق بۇلاقلىرى.

1984 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كارۋان قەسىدىسى

قايىلمەن كارۋانلارنىڭ خىسلىتىگە،
جاسارەت - غەيرىتىگە، شۆھرىتىگە.
كۆي تارتماق بولدۇم بۈيۈك ئىخلاس بىلەن،
خىزمىتى، تۆھپىسىگە، تەرىپىگە.

كۆڭۈلگە بېرىپ مۇڭلۇق تۈيغۇلارنى،
قۇملۇق چۆل غەپلەت ئارا ياتار ئۇخلاپ.
كولدۇرما ئاۋازىغا قىلىپ تەڭكەش،
تۆگىلەر بارار ئۇندا ئېغىر چامداپ.

ئارتىلغان يەلكىسىگە ۋەتىنىمنىڭ،
قاشتېشى، يىپەكلىرى، كىمخابلىرى.
ئارتىلغان نەپىس گۈللۈك زىلچا - گىلەم
(توقۇغان ئۇنى ماچىن خالۋاپلىرى).

شۇ يوسۇن قۇملۇقلاردا ماڭار تىنماي،
نىشانى رىم ھەم پارس، ئەرەب ئېلى.
قالدۇرار ھەيرانلىقتا ئۆزگىلەرنى،
ئۇيغۇرنىڭ سەنئەتكە باي تۇرلۇك مېلى.

ئاھ! يوللار، ئەگرى - بۈگرى كۆمۈش يوللار،
تۇتاشقان ئۇپۇقىغا كۆك ئاسمانىنىڭ.
كۆرۈنمەس. قاسىنقىدا يېشىل بوستان،
ئارامى تېپىلمايدۇ بۇندا جانىنىڭ.

شۇ يولدا ماڭار ئاستا كارۋان سېپى،
تۆگىلەر قەدىمىدىن ئىز قالىدۇ.
قاياقىقا باقساڭ، قۇمنىڭ بارخانلىرى،
زېرىكىش ئازابلايدۇ، كۆز تالىدۇ.

ئۇزاق يول جەبىرىدىن چارچاپ كارۋان،
مۈگدەر تۆگىسىگە مىنگەن پېتى.
چۈشىدە كۆرۈپ ئۆسكەن مەلىسىنى،
كۆلكىگە تولۇپ كېتەر سۇلغۇن بېتى.

كولدۇرما جىرىڭلايدۇ رىتىم بىلەن،
چۆل ئۇنى تىڭشىغانچە ياتار مەسرۇر.
شامالار لەرزان ئاشۇ كۈي - نەغمىنى،
يىراققا ئېلىپ كېتەر ئۇچۇپ غۇر-غۇر.

كۈن پېتىپ، يوقاپ مەغرىب قىزىللىقى،
گۇگۇمۇ يايدى قارا قانىتىنى.
چاراقلاپ كۆكتە يانغان يۇلتۇز نۇرى،
چېچىلار بۆسۈپ تۈننىڭ زۇلمىتىنى.

كارۋانلار ئەتراپلارغا يېقىپ گۈلخان،
چېدىرلار تىكىپ ياتتى
يانپاشلىدى.
ۋەھىمە سېلىپ دىلغا قاياقتىندۇر،
ئاڭلىنار يىرتقۇچلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى.

كۆز قىسىپ، كۆكتە چولپان قىلغاندا ناز،
كارۋانلار تۇرۇپ يولغا ئاتلىنىشتى،
سەھەرنىڭ ئۇزلۇقى، خۇش ناۋاسىدىن،
جىمى جان راھەت قۇچۇپ شادلىنىشتى.

قۇياشمۇ چىقتى مەشرىق قەلئەسىگە،
تىكىلدى سانسىز قىزىل بايراقلىرى،
بېزىگەچ تەبىئەتنى ھالرەڭ شەپەق،
پارقىراپ كەتتى توغراق ياپراقلىرى.

ۋاقىتلار ئۆتكەنسېرى يۈرۈش بىلەن،
داۋانلار قىلىپ
مەنزىل يېقىنلايدۇ.
تىكلىنىپ ئاسماندا كۈن ئاستا - ئاستا،
گويا چوڭ ئوت شارىدەك يالقۇنلايدۇ.

چۆل باغرى قىزىپ تەپتى ھارارەتتىن،
يىراقتا دولقۇنلىنىپ ئۆتەر سەرراپ.
چاڭقاقلىق يېتىپ، سۇغا بولۇپ تەشنا،
قۇرۇغان لەۋلەرگە گەز كېتەر باغلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھ ! بۇلاق سۈيى شەربەت زەمزەم بۇلاق،
تۇرىسەن سەن قەيەردە پىنھان بولۇپ؟
تەلمۈرگەن ھاياتلارغا نىجاتلىق بەر،
قالمىسۇن يول ئۈستىدە نىمجان بولۇپ.

بورانلار گۈركىرەيدۇ شىددەت بىلەن،
كۆچۈرۈپ بارخانلارنى ھەر تەرەپكە.
كۆرۈنمەي قالدى كۈننىڭ پارلاق چىھرى،
چىكى يوق زۇلمەت ھاكىم بولۇپ كۆككە.

كۆزلەرگە ئۇرۇلغان شۇ قۇم دەستىدىن،
بىلگىلى بولماس پەقەت، يول قاياقتا.
مۈشكۈللەر ماماتلىقتىن بېرىپ شەپە،
تىرىكلىك چۆرىسىدە قۇترىماقتا.

جۇدۇنلۇق زىمىستاننىڭ بۇلۇتلىرى،
كەيگۈزگەن ئىدى چۆلگە ئاپئاق چاپان.
يۈزلەرگە نەشتىرىنى ئۇرۇپ ھەر دەم،
شىۋىرغان دەھشەت بىلەن سالار چۇقان.

ئاق لىچەك ئارتقان قىزىل يۇلغۇن شېخى،
ئۈزىتىپ كارۋانلارنى قالار ئارتتا.
ئۆزگىچە مۆجىزە يوق زوقلانغۇدەك،
كۆرۈنەر قار جىلۋىسى ھەممە ياقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

چەيلىنىپ غاچىلدايدۇ يەردىكى قار،
تۈگىملەر پۈتلىرىنىڭ پەنجىسىدە.
دىللاردا ئۈمىد قايناق يېتىمەن دەپ،
تەلپۈنگەن مەنزىلگە پات كەلگۈسىگە.

ئەي كارۋان ئۆمرۈڭ ئۆتەر سەپەر بىلەن،
نەچچە رەت كېسىپ ئۆتۈپ باياۋاندىن.
سەن غالىب يېتىلگەچكە مۇشەققەتتە،
تومۇزنىڭ ئاپتىپى ھەم قەھرىتاندىن.

يارىلىپ يىپەك يولى
يات ئەللەرگە،
تارالغان سېنىڭ بىلەن خەلقىم شانى.
ئىزىڭ بار ئەسىرلەرنىڭ قاتلىمىدا،
سەن ئەلنىڭ مەردانىسى، قەھرىمانى.

پەزىلەت تاجىسىنى كىيىپ باشقا،
ياشايسەن باتۇرلۇققا مىسال بولۇپ.
سەپ تۈزۈپ ماڭدۇق بىزمۇ كېلەچەككە،
شىجائەت قەلبىمىزدە دولقۇنلىنىپ.

1984 - يىلى، قەشقەر

## تاش قەسىدىسى

چىڭقى چۈش
گىرىمسەن سايىنىڭ باغرىدا،
يالغۇزلا باراتتىم چىغىر يول بويلاپ.
زېرىكىپ يوللارنىڭ ئۆزۈنلۈقىدىن،
ئۆزۈمچە تاشلارنى تېپەتتىم
ئويناپ.

ئازغىنا دومىلاپ توختىسا تاشلار،
ئارقىدىن بىرسىنى تېپەتتىم يەنە.
چاكاندا، شىۋاقتىن ئىزلىشىپ پاناھ،
قېچىشار چۈچۈگەن كەسلەنچۈك، ئەنە.

ئۆچرىدى توساتتىن بىر تاش
شۇنچە ئۆز،
بەئەينى ئۈنچىدەك سۈزۈك ۋە ئاپئاق،
ئېگىشىپ قولۇمغا ئالدىم (بۆرۈندىن
بولغاچقا رەڭمۇ رەڭ تاشلارغا ئامراق).

يوقىلىپ جىسمىگە قونغان توزانلار،
قاشتېشى ھۆسنىدە جۇلالاندى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر كەپتىرىم ئۆرلىدى كۆككە،
زوقمەنلىك قوزغىلىپ
جۇش ئۇرۇپ تۇيغۇ.

مانا

كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنقى دۇنيا،
«تاش دەۋرى» دېيىلگەن ئىدى تارىختا.
ئەقىللىق ئەجدادىم چۇنكى، ئاشۇ چاغ،
تاشلاردىن قوراللار ياسىغان پۇختا.

ئەجدادلار تاغلاردا، ئورمانلاردا ھەم
ياشىغان ئۆملۈكتە دائىم ئوۋ ئوۋلاپ.
قولىدا كۆتۈرۈپ تاش قوراللارنى،
قېچىشسا ھايۋانلار، يۈگۈرگەن قوغلاپ.

يىرتقۇچلار ناۋادا قىلىشسا ھۇجۇم،
ۋەھىمە تارقىتىپ ھۆركىرەپ، ھۇۋلاپ.
تاش بىلەن غۇلىتىپ ئەجەل غارىغا،
ئادەملەر قېلىشقان ئۆزىنى قوغداپ.

گۈلخاننى چۆرىدەپ ھەممىسى، ئوخشاش —
بەھرىمەن بولاتتى تاپقانلىرىدىن.
تەبىئەت جانلىنار كېلىپ لەرزىگە،
دەرقەملىك ھاياتنىڭ چوقانلىرىدىن.

تاش بىلەن پايانسىز بوزلارنى ئېچىپ،
ئادەملەر تۇپراققا ئۇرۇقلار چاچقان.
شۇ چاچقان ئۇرۇقتىن ئېلىپ مول ھوسۇل،
ھاياتقا قۇلايلىق يوللارنى ئاچقان.

دېمەككى، ئىنساننىڭ پارلاق ئەقلىنى،
تاش قورال تۈنجى رەت قىلدى نامايان.
پەن - ھۈنەر كۆككىسى شۇ چاغدىن باشلاپ،
چاپتى تېز سۈرئەتتە توختىماي ھامان.

خىيالىم سەيلىتىپ چەكسىز دىيارنى،
يۈرۈگۈلاش ئۈستىدە ئەيلىدى پەرۋاز.
بوستانلار ئازغىنىپ ئويناشار ئۇسسۇل،
زىلال سۇ ئۆركەشلەپ چالغىنىدا ساز.

تىنىمسىز شوخ ئاققان دەريانىڭ تەكتى،
قاشتېشى خەزىنىسى، ئۈنچىلەر كانى.
شۇ سەۋەب تونۇلغان پۈتكۈل جاھانغا،
خوتەننىڭ مۇبارەك شەرىپى - شانى.

چېكى يوق كۈمۈش رەڭ يىپەك يولىنى،
قانچە كۆپ كارۋانلار بېسىپ ئۆتتىكىن؟
شۇ يولدا جان ئۈزگەن قانچە شېھىتنى،
بارخانلار قانچە رەت كۆمۈپ ئۆتتىكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاشتېشى تۆگىدە توشۇلغان تالاي،
ھىندىستان، بەدەخشان، چاغئەن ۋە رۇمغا.
قالدۇردى ئۆزگىلەر ئەقلىنى ھەيران،
تارىلىپ بارچە يۇرت، بارچە ئىقلىمغا.

ئەرەبنىڭ قىزىنى قىلدى مەھلىيا،
كۆز بولۇپ زىرە ھەم ئۈزۈكلىرىگە.
ياراشتى شۇ تاشتىن پۈتكەن بولاپكا،
ماكىدون قىزىنىڭ لەتىپ كۆكسىگە.

قانچىلاپ شاھلارنىڭ ئالتۇن تاجىغا،
مەرۋايىت جىلۋىسى بېرىپتۇ زىننەت.
چىقىپ ھەم مەلىكە، خانىش بېشىغا،
گۈزەللىك تەختىدە تېپىپتۇ ھۆرمەت.

ئالغاندۇ قانچىلاپ ئوردا - ئەسىرنىڭ —
تاملىرى شۇ ئېسىل ياقۇتتىن بېزەك؟
يۇلتۇزلار ئالدىدا
قانچە كېچىلەر —
پارقىراق ھۆسنىنى قىلغاندۇ كۆرەك؟

ئاھ! يىللار تەسۋىيدەك تىزىلىپ قاتار،
ئۇن - تىنسىز يورغىلاپ چاپاركەن تىنماي.
قورغانلار، شەھەرۇ قىشلاقنى تۇزلەپ،
يوقلۇقنىڭ ھاڭىغا ئاتاركەن تىنماي.

بىلمەيمەن، ئاستىغا تەكلىماكاننىڭ،
كۆمۈلگەن قانچىلاپ مۇقەددەس ماكان؟
قايسى چاغ يارىلىپ زېمىن ئۈستىگە،
تۈزلىنىپ كۆزلەردىن يوقالغان قاچان؟

دەيمەنكى يېيىلىپ ياتقان بۇ دۇنيا،
ساناقسىز مۆجىزات كۆمۈلگەن قەبرە.
ئۇلارنىڭ سىرىنى ئىجتىهات بىلەن،
يېشىمىز
يېشىدۇ نەۋرە ھەم چەۋرە.

قېزىلار قاشتېشى بىلەن ياسالغان،
خارابە ھالىدىكى قەدىمي شەھەر.
ئەۋلادلار كۈلىدۇ ئىپتىخار بىلەن،
ئارمانلار كۆكىدە نۇر چېچىپ قەمەر.

«مەڭگۈ تاش» ئالدىغا بېرىپ خىيالەن،
تىكىلدىم ئىخلاسىم بىلەن بېتىگە.
چىگىلدى بىردىنلا زوقۇم رىشتىسى،
زاتىمنىڭ قوللانغان تۇنجى خېتىگە.

تاشلارغا ئويۇلغان پارلاق قۇرلاردىن،
ئوقۇدۇم باتۇرلار ھەققىدە قىسسە.
ھاياجان جامىدىن سۇ ئىچەر يۈرەك،
ئالەمنى تىترەتكەن جەڭلەرنى كۆرسە.

www.uyghurkitap.com

شاھانە تاج كىيىپ ئولتۇرار مەغرۇر،
بۇمىن ۋە ئىستەمى ئالتۇن تەختتە.
ئۆملۈكتە ياۋلارنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ياشىغان جىمى ئەل نۇسرەت، بەختتە.

قۇترىسا گاھىدا جۇدۇنلۇق بوران،
سولدۇرۇپ ۋەتەننىڭ گىياھلىرىنى.
تۇنيۇقۇق قولىغا ئالدى زۇلپىقار،
ياڭرىتىپ غەيۇرلۇق سادالىرىنى.

بىلگەخان ئارغىماق ئۇستىگە مىنىپ،
بارىدۇ جەڭگاھقا ئۇچقاندەك چېپىپ.
كۆلتېكىن تۇمەنىنىڭ باتۇرنى باشلاپ،
بارىدۇ بىلگەخان ئىزىدىن بېسىپ.

بىسلىرى پارقىراپ تۇرغان قىلىچلار،
ئۇرۇلسا
چاچرايدۇ قىپقىزىل ئۇچقۇن.
شاش ئاتلار سەكرىشىپ كىشنىشەر تىنماي،
جەڭلەرنىڭ قاينىمى ياسايدۇ ئۇپقۇن.

غالىبلار ياۋلارنى سۈردى شىددەتتە،
يوق بۇنچە تېز سۈرئەت ھەتتا بوراندا.
ياۋلارنىڭ تەرتىپسىز ياتقان جەسىتى،
زادىلا كۆرۈنمەي قالدى توزاندا.

تاغ يۈرەك شىرلارنىڭ ھەيۋەت سۈرىدىن،
رەقىبلەر تىترىشىپ، تىزلىنار يەرگە.
ياۋلارنى زەبۇنلۇق زۇلمىتى چىرماپ،
كەڭ دىيار يۈزلىنەر قۇتلۇق زەپەرگە.

ئەجدادلار لەرزىگە سېلىپ جاھاننى،
ئادالەت تەختىدە بولغانتى ھاكىم.
شۆھرىتىنىڭ تاجىنى كىيگەن ئەزەلدىن،
كۆرەشنىڭ پېچىدا تاۋلىنىپ خەلقىم.

ئاھ! ئاشۇ تاشتىكى ئۇتلۇق قىسسىنىڭ،
بار ھەر بىر سۆزىدە ئالەمچە مەنا.
نۇرلىنار دىللارنىڭ سارىيى روشەن،
يەشسە گەر شۇ ھېكمەت سىرىنى دانا.

«مەڭگۈ تاش»، خىسلىتىڭ بۈيۈك نىمانچە،
جۇش ئۇرار سەن ئۈچۈن سۆيگۈم قىيانى،
ئەجدادىم شەۋكىتى - شانىغا قوشقان --
تۆھپەڭ دېڭىزىنىڭ بارمۇ پايانى؟

يوقاتماي مۇستەھكەم، مەزمۇت تۇرقۇڭنى،
ئۇزاتتىڭ ئەسىرلەر كارۋانلىرىنى.
تونۇتتۇڭ دۇنياغا تەنتەنە بىلەن،
تارىخنىڭ باھادىر ئوغلانلىرىنى.

www.uyghurkitap.com

مەن كۆردۈم باغىڭغا ئويۇلغان خەتنى،
خەلقىمنىڭ نۇرانە يۈكسەك ئەقلىنى.
شۇ ئەقىل چۆلىنى چاقناپ، نۇر چېچىپ،
يېڭىپتۇ ساناقسىز جۇدۇن پەسلىنى.

مەن كۆردۈم، سەلتەنەت گۈلشىنى ئىچرە،
بوۋىلار تۇرۇپتۇ رەناسى بولۇپ.
گۈزەللىك خاقانى ئانا ۋەتەنگە —
كېتىپتۇ ھۆر ھايات ناۋاسى تولۇپ.

«مەڭگۈ تاش» قىممىتىڭ بىباھا، چۈنكى —
سەن گۇۋاھ قەدىمىي مەدەنىيەتكە.
بېيىتىپ مەرىپەت خەزىنىسىنى،
سەن يەنە تۇرىسەن مەۋجۇت ئەبەدكە.

كەزگەندە مۇزارتىنىڭ بويىنى تەنھا،
ئۇچرىدى يەنە بىر ئۇلۇغ مۆجىزات.
باغرىغا يوشۇرۇپ تىلسىملىرىنى،
قىزىل مىڭئۆيلىرى تۇرۇپتۇ، ھەيھات.

كىمىرلەر ئىچىگە كىردىم ئاۋايلاپ،
تاش تاملار بېتىگە باقتىم سىنچىلاپ.
توختاتتى ئورنۇمدا گۈللۈك نەقىشلەر،
كۆڭلۈمنىڭ سەييارە قۇشىنى ئوۋلاپ.

ئاتلاپ كۆپ يىللارنىڭ داۋانلىرىدىن،
يەنە بىر زامانغا قىلدىم مەن يۈرۈش:
مەن ئۈچۈن تەڭداشسىز غەنىمەت، شاتلىق
قەدىمىي ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش:

بۇدخانا ئىچىدە سىلىنغان ئىسرىق،
شامداندا پىلىلداپ كۆيىدۇ شاملار.
راھىپلار تىزلىنىپ تاش بۇد ئالدىدا
ئوقۇشار بىرلىكتە ئايەت ۋە نوملار.

ئەنە، ھۆر - غىلمانلار ئۇچۇشار كۆكتە،
سىلكىتىپ ئاققۇدەك قاناتلىرىنى.
ئۈزۈشەر شەپەقنىڭ دولقۇنلىرىدا،
بۆسۈشۈپ بۇلۇتلار راباتلىرىنى.

شوخلۇقتا قىيغىتىپ ئويىنشار ئاھۇ،
ياپ - يېشىل بەرقۇتتەك دالا كۆكسىدە.
ئورمانلار قېتىدا يۈرەر تىمىسقاپ،
بۆرە ۋە يولۋاسلار ئوۋنىڭ قەستىدە.

ئۇپۇقتا تۇتاشقان پاختىزارمىدۇ،
يا كۆكتىن ئاق بۇلۇت كۆچتىمۇ يەرگە؟
پەرىدەك كۈرۈنگەن پاختىكار قىزلار،
ئىشلىشەر ماڭلىيى چۆمۈلۈپ تەرگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىز - جۇۋان چېچىنى ئۆرۈشۈپ ئۇششاق،
بىر ئەپلىك باستۇرۇپ كىيىپتۇ دوپپا.
تاجىسى باغدىكى گۈللەرگە ئەنداز،
جىلۋىسى كۆڭۈلنى چۆمدۈرەر زوققا.

نەي، راۋاپ قالۇنىنىڭ تىترەك ساداسى،
قۇچۇدۇ باغرىنى زەڭگەر سامانىڭ.
بوستاندا نەغمىچى قۇشلارنىڭ ئۈنى،
توختىدى سېھرىدىن ئويناق ناۋانىڭ.

نازاكەت گۈللىرى چۈشتى ئۇسسۇلغا،
نازۇك بوي - قامىتى مىسلى تال چىۋىق.
كەرەشمە ناز بىلەن ئەيلىدى جەۋلان،
ھەركىتى دىلرابا، ئاجايىپ سىلىق.

تارنىڭ شوخ كۈيىگە تەڭكەش ناخشىلار،
ئەللەيلەر لەززەتنىڭ بۆشۈكلىرىدە.
تىرىدۇ ئارمانلار گۈلىنى تېرىپ،
دىللارنىڭ قاغجىراق چۆللىكلىرىدە.

كۆزۈمنى ئويما ۋە نەقىشتىن ئۈزمەي،
يۆتكەيتتىم شۇ تاپتا پۈتۈمنى ئاستا.
غەيرى بىر ئالەمدە ياشايمەن گويا،
سۈرەتلەر بىر- بىرلەپ چىرايلار ئاچسا.

تامدىكى شۇ ئېسىل نەپىس سۈرەتنى،
چەككەندۇ قايسى بىر ئىنساننىڭ قولى؟
قېنى ئۇ، قەيەردە ياتىدۇ ئۇخلاپ،
شۇ تاپتا تىرىلسە ئىدى بىر يولى.

مۇبارەك ھۆسنىنى كۆرسەم شۇ زاتنىڭ،
خىسلەتلىك قولىنى سۆيسەم يىپىنشلاپ.
ۋىسالىنىڭ شېرىن ۋە قۇتلۇق دېمىدە،
ئېگىلسەم شادلىقتىن كۆزۈمنى ياشلاپ.

خانتەڭرى كۆكىدە مەغرۇر چاقنىغان،
يۇلتۇزلار توپىدىن ئىزدىدىم ئۇنى.
ئەنە ئۇ، قولى گۈل مۆھتەرەم سانكو،
چېچىپتۇ زېمىنغا يارقىن نۇرىنى.

بولغان ئۇ مۇقەددەس كەسىپكە سادىق،
ئۆچكۈچە بىر پۈتۈن ئۆمرىنىڭ شامى،
سەنئەتنە چاڭئەنگە كۆرسىتىپ ئۆرنەك،
تارالغان «رەسساملار پىرى» دەپ نامى.

سانكودەك ئىنساندىن ئۆتتى قانچىسى،
بۇ بىزگە سىرلىق بىر مۇئەمما تېخى.
ئۇخلىتار ئۇلارنى ئىللىق باغرىدا،
ۋەتەنىنىڭ بېھىشتەك لالىزار بېغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈنەر مىڭئۆينىڭ ئۈچ - چىكى يەنە،
بارچۇق ۋە تۇرپاننىڭ قۇچاقلىرىدا.
بوۋىلار مىراسى ياتىدۇ، ئاشۇ —
ھۇنەرۋ سەنئەتنىڭ ئوچاقلىرىدا.

ئۈندىكى سۈرەتلەر ئەيلىدى جاكا،
جاراڭلىق ئاۋازدا كىملىكىمىزنى.
نۇرلانغان ئۈپۈقتەك كۆرسەتتى روشەن،
تارىخقا جان بەرگەن ئىدرىكىمىزنى.

كۆردۈمكى، سەنئەتنىڭ راۋاجى ئۈچۈن،
تاش يەنە قېتىپتۇ ئۇلۇغۋار تۆھپە.
رەسسامنىڭ، نەققاشنىڭ قەلىمى ئۈچۈن،
گىگانت جىسمىنى قىپتۇ سەھپە.

قارىساڭ مىڭئۆينىڭ تاملىرىمۇ تاش،
قەسىرلەر ئىچىدە ئويۇقلارمۇ تاش.
مورىلىق ئوچاقلار، مەرەپلەرمۇ تاش،
مۇنارلىق گۇمبەزلەر، قەبرىلەرمۇ تاش. . .

مۇزارتنىڭ دولقۇنى كۆتۈرگەن شاۋقۇن،
گويا تاش شەنگە ئوقۇلغان قوشاق.
باغرىدىن ئېتىلغان ھىسلىرى تېشىپ،
ۋىلىقلاپ كۆلگەنچە سۆيىدۇ قىرغاق.

تاشلاردىن ياسالغان ئەمەسمۇ بەنە،
نى ھەيۋەت سىپىلنىڭ ئۆزۈن گەۋدىسى.
ھەيكەل بار شەھەرلەر قوينىدا سانسىز،
پۈتكەندۇر شۇ ئاددىي تاشتىن ھەممىسى.

تاش بىلەن ياسىلار ئۆستەڭ ۋە توغان،
تاش بىلەن كۆككە باش تىرەيدۇ بىنا.
تاش بىلەن ياسالغان مىسىر مومياسى،
تاش بىلەن كۆپ ئىشلار بولىدۇ ئادا.

تاش شۇنداق بىباھا خىسلىتى بىلەن،
قوزغايدۇ ئىلھامىم قىيانلىرىنى.
ئەرزىمەس
كۆي ئوقۇپ تاشنىڭ شەنىگە،
يازسامىمۇ قەسىدە دىۋانلىرىنى.

1984 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھىجران

تاغ كەينىگە ئېلىپ ئۆزىنى،
جىمجىت، پىنھان ئۇخلار ئىدى كۈن.
يەر يۇلتۇزغا ئىنتىزار، بىراق،
ئارىسىدا تۇرار ئىدى تۈن.

1985 - يىلى، قەشقەر

# بەختىمنىڭ دىلبىرىنى قۇچالامدىم

ئۆزگىلەر شاھ تەختىدە كۈلسە قاھ ـ قاھ،
بىخۇدلۇق ئۆيقۇسىدا ياتالامدىم.
ئۆمرۈمنىڭ خەزىنىسىنى تاماشىنىڭ
بىمەنە كۈلكىسىگە ساتالامدىم.

تۇرمىسام سەگەكلىكنىڭ چوققىسىدا
غاپىللار كۆزلىرىنى ئاچالامدىم.
ئۇيقۇچان تۇنلىرىنى ئەندىكتۇرۇپ،
ئۈندەشنىڭ سۇلىرىنى چاچالامدىم.

بولمىسا ئىرادەمنىڭ زۇلپىقارى،
مۇشەققەت رەقىبىنى چاپالامدىم.
ئۈمىدنىڭ ئوتقىشىنى كۆتۈرمىسەم،
كېلەچەك ۋاپاسىنى تاپالامدىم.

ئايرىلىپ جان خەلقىمنىڭ ھىماتىدىن،
ئارمانلار مەنزىلىگە چاپالامدىم.
سۆيگۈنىڭ قايىنىمىغا شۇڭغۇمىسام،
بەختىمنىڭ دىلبىرىنى قۇچالامدىم.

1985 ـ يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئاسمان تۇتار يۇلتۇزلاردىن گۈلدەستە

ئاسمان قىزى دوراپ ھىندى قىزىنى،
تولۇن ئاينى قىلدى ماڭلاي چېچىكى.
ئاقۇش بولۇپ ياتار مەسۇم بالىدەك،
نۇر تېگىدە دالىلارنىڭ ئېتىكى.

يەر يۈزىنى چۆش پەيزىگە ئۈندەيدۇ،
جىملىق ئارا تومۇزغىنىڭ ئەللىيى.
خىياللارنىڭ دېڭىزىدا لەيلەيدۇ،
مۇڭلۇق ھېسلار بولۇپ ئۇنىڭ ھەمرىيى.

مۇسىبەتتە ھالسىرايدۇ، يىغلايدۇ،
قەلبىم غەمسىز سەبىيلىكتىن خوشلىشىپ.
بولۇت بولۇپ ھاياتلىقنىڭ غۇسسىسى،
باش ئۈستۈمدە ئايلىنىدۇ توپلىشىپ.

غىدىقلايدۇ كۆزلىرىمنى گاھىدا،
يارقىن ئۈمىد چاقمىقىنىڭ جىلۋىسى.
كۆرسىتىدۇ شۇ چاغ غىل - پال ئۆزىنى،
تىمتاس روھىم دۇنياسىنىڭ جىلۋىسى.

ئىزاھ ھەمدە ئىقاسلىرى ھاياتنىڭ،
باستى سىھرى ناخشىسىنى تىلەكنىڭ.
ئۆرتىنىدۇ گۈزەللىكنىڭ سۆيگۈسى،
مەشئۇم رىئال قىسمىتىدەك پەلەكنىڭ.

جەۋلان قىلسا پاك ۋىجداننىڭ بايرىقى،
سوغۇق باقار كۆڭۈللەرنىڭ تارىسى.
تەلۋىلىكنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە،
چاڭلىنىدۇ ساداقەتنىڭ لالىسى...

يەر كىيىپتۇ ئاق شولىدىن ئاق لىباس،
باللىقنىڭ ماتىمىنى تۇتقاندەك.
بىرەر شۇ تاپ شامال كېلىپ تەسەللى،
يۈزلىرىمنى سىلاپ كۆڭۈل ئۇتقاندەك.

چىللىغاندەك شەپە بىرىپ تومۇزغا،
نۇر ئىچىدە پەرۋاز قىلدى ھاۋاغا.
قاراپ قالدىم، ئۆرنەك بولۇپ ئۇ ماڭا،
بەلكىم سەپەر قىلدى زەڭگەر ساماغا.

يېڭى ئارمان قانات بىرىپ جىسمىمغا،
نۇر بەھرىگە چۆمدۇم، قالدى يەر پەستە.
مېھرى بىلەن ئوماق بىقىپ كۆك قىزى،
ئىزغاندى يۇلتۇزلاردىن گۈلدەستە.

1985 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قانات قېقىپ ئۇچتى كىچىك قۇش

قەپەس ئىچرە تىپىرلايدۇ تومۇچۇق،
پەنجىرىگە ئۇرۇپ تىنماي كۆكسىنى.
تەشنالىقىنىڭ كۈچى بىلەن تەۋرىتەر،
ئېسىلغانچە تۇرغان قەپەس بەستىنى.

ئاڭا شېرىن ئەمەسمىدۇ ئەزىز جان،
مەيلىمىدۇ زەخىملەنسە ۋۇجۇدى؟
قايسى ئارمان سىڭگەن ئۇنىڭ قېنىغا،
جۇش ئۇرامدۇ ئۇشبۇ ئارمان ئۇمىدى؟

قاچىسىدا پەۋەس سۇ بار چاڭقىسا،
ئوزۇق ئۇچۇن تويۇنغۇدەك دېنى بار.
چىقاي دېسە قوندىقىمۇ تۇرسا تەل،
ھاياتىدا ئۇنىڭ نېمە غېمى بار؟

تۇرسا ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچە پاراۋان،
تەلمۈرىدۇ، ئېتىلىدۇ نېمىشقا؟
ئىنتىزارمۇ كۆك قەرىنى سېغىنىپ،
كىچىككىنە ئاشىياندىن كېتىشكە؟

قوْشنى قويۇپ بەرگىنىمدە ھاۋاغا،
ئۇچۇپ كەتتى يىراقلارغا «پۇر» قىلىپ.
قارا چېكىت غايىب بولۇپ سىڭگەندە،
كەتتى باغرىم ھاياجاندىن چىڭقىلىپ.

ئېيتىپ ۋىسال ناخشىسىنى كىچىك قوْش،
بولدى ئاسمان قوْچىقىنىڭ ئەركىسى.
قانات قېقىپ پايانى يوق دالىدا،
بولدى ئۇنىڭ قوْتلۇق ھايات مەركىسى.

1985 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

## مەن بۇياقتا، سەن ئۇياقتا يېگانە. . .

مەن بۇياقتا، سەن ئۇياقتا يېگانە،
ئايرىپ تۇرار بىزنى دەريا ئېقىنى.
چاڭقاق يۈرەك سۆيگۈڭ تىلەپ شىكاردا.
كار قىلمايتتى ئارىلىقنىڭ يېقىنى.

باغاشلاپتۇ يۇمشاق، مامۇق تېنىڭنى،
قىرغاقتىكى قويۇق تاللار سايىسى.
خۇسۇمەتنىڭ ئوغىسىغا تولدى لىق،
قاداق بىلەن پۈتكەن كۆڭۈل پايىسى.

خىلۋەتتىمەن، ئاستا قايرىپ ياپراقنى،
ئوغرىلىقچە تىكىلىمەن ھۆسنۈڭگە.
تەلمۈرىمەن چۇقان سېلىپ پاك ھېسلار،
ئويچان ھالدا كىتاب باسقان كۆكسۈڭگە.

ۋاراقلاردىن كۆز ئۈزمىدىڭ خېلى چاغ،
سەن ئىشقىڭنى بەرگەنمىدىڭ كىتابقا؟
مەلھەم بېرىش خىيالىڭدا يوقمىدۇ،
مەندەك ئىشق ئاۋارىسى بىتابقا؟

ئوۋلىماقتا قوشنى دوراپ سايرايمۇ؟
بىراق، ئۇنى قويارمەنمۇ چاندۇرۇپ؟
شۇ چاغ كېيىك بالىسىدەك ئەندىكىپ،
كېتەرسەنمۇ مېنى تەنها قالدۇرۇپ؟

1985 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تىپىرلايدۇ جۇپ يۈرەك

ئولتۇرسەن تۆۋەن ئېگىپ بېشىڭنى،
خىنە ياققان بارمىقىڭغا تىكىلىپ.
قەلبىڭ ئۇيات قەپىسىگە تۇتقۇنمۇ،
لېۋىڭ تىترەر، باقمىدىڭغۇ ئېچىلىپ.

جۇرئىتى يوق ئۆزۈمدىمۇ سۆيگۈنىڭ،
يۈرىكىم مەس، ۋۇجۇدۇم مەس، تىلىم مەس.
غەرق بولۇپ شېرىنلىكىنىڭ بەھرىگە،
مىنۇتلارنىڭ جىمجىتلىقى بىلىنمەس.

تەرلىدى يۈز بۇرۇقتۇملۇق ئىلكىدە،
كار قىلمىدى ئاقتېرەكنىڭ سايىسى،
تارتىنىشتىن تىپىرلايدۇ جۇپ يۈرەك،
ئۇندا مۇراد تەشنالىقى غايىسى.

1985 - يىلى، قەشقەر

## ھىجران يېشى

پىنھان، مەيۇس ھېسلار مەۋجى كۆكسۈمگە پاتماي،
كەزدىم ئاپئاق ئايدىڭدىكى ئاپئاق دالانى.
تەنھالىقتا بەرھەملىكنىڭ پەيتىنى تاپماي،
قوچار ئىدىم بىئىختىيار، مۇڭلۇق ناۋانى.

شامال يېنىك پەرۋاز بىلەن روھىمنى بەزلەپ،
كېتەر ئېغىر دەملىرىنى توشۇپ يىراققا،
تەۋرىتىدۇ رىيازەتلىك ئىشقىمنى سۆزلەپ،
ئاي شولىسى جىلۋە قىلغان كۆلگە، بۇلاققا.

ئېڭىم ئارا زەڭگەر ساما غۇبارسىز ئەينەك،
ئاي سۇزۇلگەن خىيال كەبى دىلبەرنىڭ ئەكسى.
يۇلتۇز نازى ئۇنىڭ ئىستەك چوغىغا ئەرمەك،
ئۇ سۆيگۈگە جۇلا بەرگەن قۇياشنىڭ نەسلى.

تەلپۈنۈشنىڭ ئۇزۇن چېغى قويدى چارچىتىپ،
قوچىقىغا ئالدى تۈننىڭ قۇۋناق بىر چۈشى.
ئالغىنىدا شەپەق مېنى ئۇندىن ئاجرىتىپ،
كۆرگەنلىرىم ياپراقتىكى ھىجراننىڭ يېشى.

1985 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كونا قەلئە

پاچاقلىنىپ كەتكەن جانسىز گەۋدىدەك،
خارابىسى ياتار ئىدى شەھەرنىڭ.
بىلەلمىدىم، نەتىجىسى ئاشۇ ھال —
قايسى چاغدا يەتكەن ئاپەت - زەرەرنىڭ؟

غۇلاپ چۈشۈپ تاملار ياتار ۋەيرانە،
قىلىپ گويا بىر - بىرىنى ياستۇقى.
كامارلارنىڭ ئەتراپىدا گاھىدا،
ئۇچراپ قالار يىلانلارنىڭ قاسىرىقى.

قالغان ئىدى ئىزنا بولۇپ، ئاداققى —
چولاق تاملار ( باغرىنى دەز قاپلىغان ) .
چوققا مىسلى تۇرار رەتسىز مۇنارلار،
ئەسلى تۇرقى - ھەيۋىتىنى يوقاتقان.

مۇڭلۇق سادا كېلەر ئەسكەن شامالدىن،
ئۆكسۈگەندەك تىترەر غولى شىۋاقنىڭ.
چاڭ - توزانلار ئارىسىدا خىيالەن —
كۆرۈنىدۇ تاغ دالاسى يىراقنىڭ.

بەربات بولغان بۇ ھاياتنىڭ دۇنياسى،
ئېچىندۇردى
باستى ھەسرەت دىلىمنى.
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىسىمۇ پىغانلار،
چىشلىۋالدىم سەۋر قىلىپ لېۋىمنى.

ھەر نەرسىگە باققىنىمچە ھەۋەستە،
ئاستا كېزەر ئىدىم قەلئە قوينىنى.
ئەسكە ئالدىم بۇندا ئىناق ياشىغان —
ئەجدادىمنىڭ ئىجاد خۇمار روھىنى.

تەسەۋۋۇ ـ ۋۇم ئېكرانىدا ئاچتى يۈز،
بۇ ماكاننىڭ مەغرۇر، ئاۋاق سىماسى،
غەيۇرلۇقنىڭ كۈنى تۇغقان چاغدىكى،
قۇۋناق ھايات دېڭىزىنىڭ جۇلاسى.

ئەيلەپ نەقىش ـ زىننەتىنى نامايىش،
تۇرار ھەريان ئېگىز مۇنار، راۋاقلار.
باراقسان باغ ـ ھويلىلاردىن شوخ شامال،
سۇمۇرىدۇ تويماي شېرىن پۇراقلار.

نەپىس، كۆركەم بۇيۇملىرى سەنئەتنىڭ،
بېزەكلەيدۇ رەڭدار قىلىپ رەستىنى.
چۈنكى، ھەركىم باغلاپ يۈكسەك ئەقىدە،
كامالىغا يەتكۈزىدۇ كەسپىنى.

گىرە سېلىپ يەرگە گۈگۈم تۇمانى،
بېسىقچاندا قايناق بازار چۇقانى.
دولقۇنلايدۇ قاپلاپ ساما باغرىنى،
يۇرەكلەرنىڭ سۆيگۈ كۈيى - مۇقامى.

كۈندۈزىدە قۇياش
تۇندە ئاي، يۇلتۇز،
تاپار سەنئەت بۆشۈكىنىڭ ۋەسلىنى.
كۆكتە بولۇت قىلار ئىدى تاماشا،
بۇ شەھەرنىڭ نازاكەتلىك ھۆسنىنى.

خىيالىمنى بۇزدى، ئۇركۈپ پاراسلاپ —
ئۇچۇشلىرى بىر توپ ياۋا كەپتەرنىڭ.
كۆز ئالدىمدا خارابىسى قاغجىراپ،
ياتار ئىدى شۇ مۇقەددەس شەھەرنىڭ.

ئارىلايتتىم شاھانە بىر باغچىنى،
سەيلە قىلىپ يۈرگەن كەبى پىيادە.
ساپاللارنىڭ سۇنۇقلىرى بىز ۋۇۋان،
قىلار سىرلىق قىسسىلەرنى ئىپادە.

ئۇچراپ قالدى ئىككى دانە مىس يارماق،
قىيان بولدى سۆيۈنىشى قەلبىمنىڭ.
قولغا ئالدىم ئىخلاس بىلەن، چۈنكى، ئۇ —
ماڭا قالغان مىراسىدۇر ئەسلىمنىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنى دۇچار قىلالماپتۇ يوقلۇققا،
تېنىم تاپماس قارا يىللار ئاپتى.
خىيال قۇشۇم كۆك قەرىگە ئۆرلىدى،
ئىككى يارماق بولدى بىر جۈپ قانىتى.

بىر جۈپ يارماق چاقى ئۈمىد ھارۋامنىڭ،
ئەقىل ئېتىم ئاشار سۆرەپ داۋانلار.
ئىنتىلگەندە يەنە يېڭى چوققىغا،
يىرتقۇچلاردەك ھۆركىرەيدۇ بورانلار.

تېنىم خەنجەر، بورانلارغا قادالغان،
زەربىسىدىن بوران ئاچچىق ھۇۋلايدۇ.
بورانلارنىڭ يالىشىدىن بىسلىرىم،
پارقىرايدۇ، خىرەلىكنى قوغلايدۇ.

ۋۇجۇدۇم چوغ، يۈرىكىم چوغ، كۆزۈم چوغ،
ئاتەش بولۇپ ھەر ياققا نۇر تارايدۇ.
نۇر ئىچىدە ئىقبال قىزى مەن تامان،
تاتلىققىنا كۈلۈپ ئوماق قارايدۇ.

بۈلۈت ئۆزرە باقسام زېمىن بېتىگە،
كونا قەلئە گۈل تاقاپتۇ كۆكسىگە.
تاغلار ۋەتەن شۆھرىتىنىڭ سىيماسى،
بۈركۈت ياشار ئۇۋا سېلىپ ئۈستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەۋرىگەندەك كۆرۈنىدۇ خارابە،
ئوتتەك تومۇز قۇياشىنىڭ تەپتىدىن.
پارلاق ئەتە ئۆچۈن بۇ خىل جانلىنىش،
سېزىلىدۇ گىرىمسەن شۇ ئەپتىدىن.

1985 - يىلى، قەشقەر

## ئاھ! ئاي نۇرى

نۇرۇڭ بىلەن يەرگە زىننەت بەردىڭ ئاي،
تۈن كۆكىدە لەيلەپ ئۈزاق ئەسىرلەر.
بەلكە قىلىپ ئاق لەيلىدەك چىھرىڭنى،
ئۆتتى بۇندا سانسىزلىغان پەسىللەر.

گۇۋاھچىسى قىلىپ سىنى ۋەدىنىڭ،
تاپقان سۆيگۈ لەززىتىنى نەسىللەر.
نېسىپ بولسا يارنىڭ نازلىق نىگاھى،
ھۆسنۈڭ ئاشىق يۈرىكىدە ئەسلىنەر.

پىچىر - پىچىر سادالارنى تىڭشاپ جىم،
بىلدىڭ قانچە كۆڭۈللەرنىڭ سىرىنى.
زېرىكمەيسەن ئاسمان بويلاپ، چۆرگىلەپ،
تاۋاپ قىلىپ مۇھەببەتنىڭ پىرىنى.

سەبىي چېغىم، ساڭا قوللار سوزاتتىم،
سەبىي ھېسلار قايىنىمدا ئىنتىلىپ.
ئارمانلىرىم ئۇچار يەنە سەن تامان،
ئىدراكلىرىم يىللار ئارا يېتىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

ئەمدى ئىنسان قەدەم قويىدى باغرىڭغا،
يۇلتۇز ئاڭا چاچقۇسىدۇر پەلەكنىڭ.
ئۆرلەش ئىچى ئۇيقۇن ياساپ تاغلاردەك،
قاناتلىرى سىلكىنمەكتە تىلەكنىڭ.

يۈز بىرەرمۇ، بىراق تىمتاس قوينۇڭدا،
ئاچ كۆزلۈكنىڭ قانخور جەڭگى ـ نىزاسى؟
يەر شارىدا شۇ نىزانىڭ تۇپەيلى،
ئاز بولدىمۇ پاك جانلارنىڭ قازاسى؟

ئاھ! بوشلۇقتا ئەركىن ئۈزگەن ئاي شارى،
پايخان بولۇپ، خورلانمىسۇن پاكلىقىڭ.
تەبىئەتنى زىنىنەتلىسۇن مەڭگۈگە،
شۇ دىلرەبا پارلاقلىقىڭ، ئاقلىقىڭ.

1985 ـ يىلى، قەشقەر

# جانانغا

مەن كېتىپ يارىم پەرىشان بولمىسۇن،
باغلىرىدا لاله رەيهان سولمىسۇن.
كۆزلىرى باقسۇن ئۈمىدتە مەن تامان،
جاملىرى ئاچچىق شارابقا تولمىسۇن.

مەن شامال سۇمبۇل چېچىنى ئوينىغان،
بويلىرىنى نەچچە مەرتەم بويلىغان.
كۆزلىرى باقسۇن پەلەككە ناگىهان،
مەنكى يۇلتۇز يارنى بىدار ئويلىغان.

يار چىقىپ كۆرسۇن سەھەرنىڭ مەڭزىنى،
ئوتلىرىمنىڭ شۇ پايانسىز لەرزىنى.
نۇرلىرىم ئاسمان ئارا گۈلگۈن شاراب،
يار چىقىپ سۇرسۇن ئاجايىپ پەيزىنى.

1986 - يىلى، قەشقەر

## سىنىڭ كۆزلىرىڭ

چۈشۈمدە قۇش بولۇپ سىنىڭ كۆزلىرىڭ،
قەلبىمنىڭ شېخىغا قونۇپ ئۆتىدۇ.
سىڭدۈرۈپ تاڭدىكى سىم - سىم يامغۇرغا،
دەردىنى ئۈن - تىنسىز قويۇپ ئۆتىدۇ.

چۈشۈمدە يوپۇرماق بولۇپ كۆزلىرىڭ،
ناتىۋان تېنىمگە سالىدۇ سايە.
داۋالغۇپ ئالدىمدا ياپيېشىل دېڭىز،
كۆڭۈللۈك باھارنى قىلار ئىپادە.

چۈشۈمدە كۆزلىرىڭ سۆزلەيدۇ ماڭا،
تەلمۈرۈپ ئاڭلايمەن قېنىمدىن ئاۋاز.
ھەريانغا قارىسام سىنىڭ كۆزلىرىڭ،
ساناقسىز چوغ بولۇپ قىلىدۇ پەرۋاز.

1986 - يىلى، قەشقەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## ئوغۇز

سېنىڭ ئوغۇز سۇتۇڭدە ئانا،
چايقىلىدۇ قۇياش شولىسى.
ھاياتىمغا سىڭدى سەن بىلەن،
بىر نۇرانە تاڭنىڭ جىلۋىسى.
سېنىڭ ئوغۇز سۇتۇڭدىن ئانا،
تۇغۇلىدۇ مىڭلاپ ئوغۇزخان.

سېنىڭ ئوغۇز سۇتۇڭدىن، ماڭا
ئۆتتى ۋىجدان، ئۆتتى مۇھەببەت.
سەن ياشىغان مۇقەددەس تۇپراق،
پەرزەنتىڭگە بولسۇن ئامانەت.
سېنىڭ ئوغۇز سۇتۇڭدىن ئانا،
تۇغۇلىدۇ مىڭلاپ ئوغۇزخان.

ھاياتلىقتا بىلىپ قەرزىمنى،
ئارمانىڭنى ئالىمەن باشقا.
تەڭرىتاغدەك تىك تۇرۇش پەخرىم،
غۇرۇرۇمنى بىلەيمەن تاشقا.
سېنىڭ ئوغۇز سۇتۇڭدىن، ئانا
تۇغۇلىدۇ مىڭلاپ ئوغۇزخان.

1986 ـ يىلى، قەشقەر

www.uyghurkitap.com

# جان ئىچىدە

مېھمىنىم بار مېھمان ئىچىدە،
ساھىبخانىمەن گۈلخان ئىچىدە.
بولسۇن دېدىم ھالىمنى ئايان،
چاينىڭ ئىچىدە، نان ئىچىدە.
مېھمىنىم بار مېھمان ئىچىدە،
ساھىبخانىمەن گۈلخان ئىچىدە.

بىر تۈپ رەيھان ئۆستۈرۈپ قويدۇم،
ئەلگە پىنھان ئىمان ئىچىدە.
بىلسەڭ ئۇنى باھارىم مەڭگۈ،
تەننىڭ ئىچىدە، جان ئىچىدە.
مېھمىنىم بار مېھمان ئىچىدە،
ساھىبخانىمەن گۈلخان ئىچىدە.

1986 - يىلى، قەشقەر

## پەلەك ۋە مەن

شۇنچە ئۇزۇن باقتىم پەلەككە،
كۆزۈم تالدى، كۆزلىرىم تالدى.
ماڭا باقسان ئەلنىڭ ئاغزىدا،
نادامەتلىك سۆزلىرىم قالدى.

باردىم تالاي داخان ئالدىغا،
قانداق بىر جىن چاپلاشتىكىن دەپ.
پالچىلارنىڭ ئالدىغا باردىم،
قايسى قىلتاق قاپلاشتىكىن دەپ.

كەلدى كۆكتىن غايىب بىر ئاۋاز:
كېسەللەرنىڭ داۋاسى سەندە.
داۋا ئىزدەپ باقمىغىن يانغا
دانالارنىڭ داناسى سەندە.

شۇنچە ئۇزۇن باقتىم پەلەككە،
كۆزۈم تالدى، كۆزلىرىم تالدى.
ماڭا باقسان ئەلنىڭ ئاغزىدا
ئەلگە بەرگەن سۆزلىرىم قالدى.

1986 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قارا چاچ بەزمىسى

قايغۇمدىن تۆرەلدى بىر گۈزەل مارجان
كۆڭلۈمدە بىر تاتلىق ياساندى سەنەم.
قارا چاچ ئىلكىدە يار يۈزى پىنھان،
مارجاننى ئۈينىتىپ نازلاندى سەنەم.

زاتىمدا بىر دەريا ئۇلغىيىپ ئاقتى،
بويىدا چايقالدى خۇشپىچىم تاللار.
مېھنەتنىڭ بۇلۇتى چاقمىقىن چاقتى،
ئورمانغا شۇڭغۇدى ئالتۇن ھىلاللار.

ئادەملەر ئىچمەكتە باشىمدىن شەربەت.
تومۇرلار تار بولۇپ ئۇنلىدى ياڭراق.
جانانىنىڭ بارمىقى تەۋرىنەر ئەلۋەك
قاپقارا كۆزىنىڭ جىلۋىسى ئويناق.

1987 - يىلى، قەشقەر

## قەلەم ۋە شائىر

قەلەم، قەلەمگە خاس ئىمانىمنى بەر،
ئەل ئۈچۈن قايىنغان ۋىجدانىمنى بەر.
قارىنى ئاق قىلىپ يازسام مۇبادا،
نومۇس بەكمۇ يامان، زاۋالىمنى بەر.

چىلاپ سىنى تۇندەك قارا سىياغا،
سىزاي چوغلۇق گۈلى مۇڭلۇق دىللارغا.
ئېرىپ سەندە بوغدانىڭ ئاپئاق قارلىرى،
ئەگىز بولۇپ، شارقىراپ كىرسۇن تىللارغا.

قەلەم قەلەم ئەمەس، مىسالى ئەلەم،
ئۇنىڭ ھېكمىتىگە بويسۇنار ئالەم.
جاھان تەسۋىرىنى يورۇتۇپ ھەردەم،
ئۆزىنى قايتىدىن ياراتتى ئادەم.

ھاكىم بىلەن دېھقان تەڭدۇر قەلەمدە،
پادىچى ھەم دەنا ئوخشاش مۆجىزە.
پاشىنىڭ ئۆلۈمى تەڭداشسىز ماتەم،
ھايات تەرىپىگە ئەگەر ئەرزىسە.

www.uyghurkitap.com

شائىر كۆرسە توغلاپ، تىترىگەنلەرنى
قىپقىزىل قېنىنى ئوت قىلىپ چاچار.
ئۆزگىلەرگە بېرىپ گۈزەل ئەركىنلىك
ئۆزى تۇتقۇنلۇقتا ئۆرتىنىپ ياتار.

قەلەم، قەلەمگە خاس ئىمانىمنى بەر،
ئەل ئۈچۈن قاينىغان ۋىجدانىمنى بەر.
قارىنى ئاق قىلىپ يازسام مۇبادا،
نومۇس بەكمۇ يامان، زاۋالىمنى بەر.

1999 - يىلى، ئۈرۈمچى

## پەرىدە

تاپتىم سىنى بولۇپ سۆيگۈ گاداسى،
كۆڭۈللەرنى كەزگىنىمدە، پەرىدە.
ئەقىدەمنىڭ ئۇتى ياندى كۆكسۈمدە،
سىنى ياندا سەزگىنىمدە، پەرىدە.

سەن زىمىنغا تۆرەلگەنمۇ پەرىدىن،
مۇھەببەتنىڭ ئالقىنىغا تەگلىنىپ؟
مەڭىزلىرىڭ قىزارغانمۇ، پەرىدە،
تاڭنىڭ ئوتقاش شەپقىتىدىن رەڭلىنىپ؟

قارا قاغا قانىتىدەك چاچلىرىڭ،
سۇمبۇل بولۇپ يارالغانمۇ ئەسلىدە؟
باغدىن شامال ئېلىپ كەلگەن خۇش پۇراق،
چاچلىرىڭدىن تارالغانمۇ ئەسلىدە؟

زىمىن چەكسىز راھەتلىنىپ مەست بولۇر،
نازاكەتلىك يۇرۇشۇڭدىن پەرىدە.
تال چىۋىقتەك تولغاپ زىلۋا بېلىڭنى،
شوخلۇق قىلىپ كۇلۇشۇڭدىن، پەرىدە.

www.uyghurkitap.com

تىترىتىدۇ شىردەك قاۋۇل بەدەننى،
بىر جۈپ شەھلا كۆزلىرىڭنىڭ جۇلاسى.
بولسىمۇ گەر خۇدا سېنى ياراتقان،
بىراق، ئۆزۈڭ گۈزەللىكنىڭ خۇداسى.

قايسى ياققا قەدەم باسساڭ شۇ يەردە،
مەڭگۈلۈككە قالار گۈزەل رىۋايەت.
ساڭا خۇشتار ـ مەپتۇن كۆزلەر مۇبادا،
پاك جىسمىڭغا ـ پاك باقمىسا جىنايەت.

جۆرە بولۇپ يەلپۈپ شۇڭا شام ـ سەھەر،
ئۇلۇغلايدۇ تەبىئەتنىڭ سەلكىنى.
سېنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىڭنىڭ شولىسى،
ئوغرىلايدۇ خىياللارنىڭ ئەركىنى.

خىيالىمدا سېنى قۇچۇپ كۆپ چاغلار،
چاڭقاق دىلنى بەزلىدىمەن، پەرىدە.
ئۆزۈم ساددا، ئىشقىم لاۋا، ئىپتىقىنا،
سۆيۈشۈڭگە ئەرزىمدىمەن، پەرىدە؟

1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# مۆجىزات

غەربىنىڭ ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئەڭلىك،
گۇگۇم يەر يەلكىسىگە سالدى گىرە.
تۇمانلار پەردىسىنى قىلىپ بەرباد،
شەبىستان چىراغلىرى ياندى خىرە.

ئاي ئۆرلەپ تاغ كەينىدىن مىس تاۋاقتەك،
ياپراققا شولىسىدىن رەڭ بېرىدۇ.
سېھىرلىك تۇيغۇلارغا ئوراپ دىلنى،
ئېگىزلىك سەھنىسىگە ئىنتىلىدۇ.

چارچىماس يولۇچىمۇ يېگانە ئاي،
ئالدىراپ مەنزىلىگە تونەپ يۈرگەن؟
يا پەلەك هارۋىسىنىڭ چاقىمىدۇ،
ئوقىدىن ئاجراپ كېتىپ تېنەپ يۈرگەن؟

يالقۇنلار ئارىسىدا يەنە بىر چاق،
بايىلا غۇلاپ كەتكەن تاغ كەينىگە.
كائىنات تۇرۇپ قالدى ئەجەبلىنىپ،
مۆجىزات ئىلاهىنىڭ خۇي - پەيلىگە.

پىرقىراپ كۆك قەرىگە ئۆرلىگەنچە،
كىچىكلەپ بارار گۈزەل ئاينىڭ بېتى.
كۈمۈش نۇر زەررىسىگە تولدى پەۋەس،
مۇئەللەق لەيلىگەن سۈس تۇمان قېتى.

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پورەكلىدى ئۈمىدىمنىڭ لالىسى

گۈل پەسلىدە گۈل بەستىگنى قۇچالماي،
ئۆزاتتىم مەن تالاي تۈننى خورسىنىپ.
دېدىم بەزلەپ ئۆز - ئۆزۈمگە، چىدالماي،
— كېلەر چوقۇم پەرىزاتىم گۈل سۇنۇپ.

ئاي پارقىراق، كۆللەر سۈيى يالتىراق،
يۈلتۈز كېچە زىنىنىتىنىڭ دانىسى.
تۇزۇپ گۈللەر، تۆكۈلگەندە زەر ياپراق،
پورەكلىدى ئۈمىدىمنىڭ لالىسى.

چاچار دەرەخ ئۈستىمىزگە زەر تىللا،
بىر - بىرىگە لەۋلەر رومكا بولغاندا.
ئاق تۈندىكى دۇنيا گويا تەتىللا،
هايات گۈزەل، دىل شادلىققا تولغاندا.

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قىيا، دولقۇن، مەن

كۆن ئۇپۇق خانىسىغە كىرىپ، دۇنيا
ئاتەش رەڭ شەپەق بىلەن رەڭلىنەتتى.
يەلپۈسە شاماللارنىڭ يەلپۈگۈچى،
ناز بىلەن دېڭىز سۈيى ئەركىلەيتتى.

دولقۇنلار چايقىلارنى بايراق قىلىپ،
مۇھەببەت ناخشىسىنى توۋلىشاتتى.
ۋىسالنىڭ شەۋكىتىگە دۇرلار چېچىپ،
قىيا تاش قامىتىگە يامىشاتتى.

يۇلتۇزلۇق زەڭگەر ساما، ئىشرەتتىنكى —
قىيا تاش دولقۇنلارنىڭ يېپىنچىسى.
پەقەت مەن تەنھالىقنىڭ ئالىمىدە،
ۋاپانىڭ تىلەمچىسى، يېتىمچىسى.

1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

## خىياللار، خىياللار...

خىيالىم ئۆتمۈشكە قاققىنىدا پەر،
سالدۇ ئەسلىمە قەلبىمگە گىرە.
سەبىيلىك دەۋرىمدىن بىرىپ خۇش خەۋەر،
قايتۇردى ئۆتمۈشۈم، ئالغاندەك گۆرە.

ئىنقىلاپ چارچىغان روھىمنى شۇ پەيت،
ئويغىتار ۋە قىلار شاتلىققا ھەمراھ.
ۋاقىتلىق ئۇنتۇلار جىسمىمدىكى دەرد،
ئىزگۇ چاغ ۋەسلىدە زىرەك ھەم بەرنا.

بىخلانغان ئەقلىمنى لەيلىتىپ ھەريان،
ئوينىتار تىنىمسىز خىيال ئۇپقۇنى.
كۆزۈمدىن تەقدىرنى قالدۇرۇپ ھەيران،
ئاھ! بىر رەت بالقىدى كۇلكە ئۇچقۇنى.

ئۆتۈلمىش يىللارنىڭ نازلىق نىگاھى،
ھەمىشە تەسەللى بىرەلمەس، بىراق.
كىلەچەك شامىنىياندۇرۇپ گاھى،
ئىقبالغا ئىستەكتىن بىرىمەن بوياق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

غۇرۇرۇم ئويغىتىپ كۆتۈردى چوقان،
خىياللار، خىياللار تېپىڭلار بەرھەم.
ئۆزىنى ئالداشتىن كۈن كۆرمەس ۋىجدان،
زېدە بار كۆڭۈلگە زەپەردۇر مەلھەم.

1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ئاق لەيلى

ئاق كۆڭلەكلىك جانان كەلدى قېشىمغا،
ئاق كېچىدە ئەسلىتىپ ئاق لەيلىنى.
مېڭىپ ئاستا شېرىن ھېسلار مەۋجىدە،
باشلىۋەتتۇق دىل ئىستىگەن سەيلىنى.

شامال بىلەن كۆچتى ئىزگۇ پىچىرلاش،
ئاي نۇرىدا جىلۋىلەنگەن ياپراقتا.
گىرە سالدىم تاشقىن بولۇپ ئەقىدەم،
نازۇك كۆڭلى چىرايىدەك ئاپئاقتا.

ئار بىلگەندەك تەنھالىقنى غەمكىن ئاي،
شۇئان بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈندى.
كۈمۈش دۇنيا خىرەلەندى
ئۇ گويا —
ئاينىڭ داغلىق قىسمىتىگە ئۆكۈندى.

سۇلغۇن ئۆتمۈش تاشلىدى ئاھ، كۆلەڭگە،
ۋىسال يارقىن شولىسىنى چاچقاندا.

قالار ئىدى يۈرەك مۇڭدا ھالسىراپ،
ئىستەك پەرۋا ئەيلىمەستىن قاچقاندا.

ئاق زەررىلەر تولدى يەنە ساماغا،
ۋۇجۇدۇمدا يانار شادلىق پانۇسى.
ئاق كېچىدە چىگىلىپ ھەم يېشىلىپ،
تۇرار ئىدى بىلەكلەرنىڭ تانىسى.

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# غايىب بولماس تامچىلار

1

يورۇق رۇجەك تارتتى مەيلىمنى،
بېغىلىك ئىچرە چۈشكەندە زاۋال.
كۆيلىرىمنى توختاتتى قۇشلار،
كىرگىنىمگە بولغاندەك مالال.

ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىپ، گويا
ئىپارىڭنى ئەپ كېلەر شامال.
چاچلىرىڭغا چىرمىلار يۈرەك،
ئۆرتىگەندە سېھىرلىك خىيال.

دېرىزىڭگە تەلمۈرۈپ مىسكىن،
نىگاھىڭنى تىلىدىم ئۇزاق.
يالغۇز تۇرسام بېغىڭدا، دىلدار
سەن نېمىگە تارتتىڭ ئىشتىياق؟

2

قولۇقىمنى توختاتسام كېلىپ،
كۆرۈنمىدىڭ ساھىلدا، جانان.
كۈتۈپ - كۈتۈپ، بولدۇم بىتاقەت،
سەن ئۆيۈڭگە بولدۇڭمۇ راۋان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەن تەرەپكە ئۆرغاندا پالاق،
تىلىمىدىم دولقۇندىن مەدەت.
يۇتۇۋالدى ئاھىمنى شاۋقۇن،
تەشنا دىلنى ئۆرتىگەندە دەرت.

كۆكرىكىمگە باش قويۇپ بۇ دەم،
كىم ئاڭلايدۇ مىسكىن ناخشامنى.
بارمىقىمنى چىشلەپ نەچچە رەت،
ئۆتكۈزدۈم مەن جىمجىت ئاخشامنى.

3

مەھرۇم قىلىپ شېرىن چۈشۈمدىن،
نوقۇپ مېنى ئويغاتتىڭ سەھەر.
لەۋلىرىڭدە يوچۇن بىر تىترەك،
بىراق، ھۆسنۈڭ كۆركەم شۇ قەدەر.

تەشۋىشلىرىڭ سىنىڭ ئاشۇ پەيت،
تىرىلدۈردى ھىجراننى گويا.
يېتىلمىگەن تۇنجى بىر سۆيگۈ،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن بولدى كۆپ زايا.

كۈلۈمسىرەپ سۇندۇڭ گۈلدەستە،
چىللىغاندەك مېنى بىر ئىشقا.
تەبىئەتتىن ئۆزىماي باھار،
ئەتىرگۈلۈڭ سولدى نېمىشقا.

4

ياسىسامىۇ سەن ئۈچۈن گۈلزار،
گۈللىرىمنى قويمىدىڭ پۇراپ.
ئىشىكىمدىن ئۆتۈپ، مەن تەرەپ —
قەدىمىڭنى قويمىدىڭ بۇراپ.

قىزىل لېنتا تاقىغان پىكاپ،
سىگنال بېرىپ ئۆتتى قېشىمدىن.
بىلەلمىدىم، ئەيلەپ بىماجال،
نېمە قىسمەت ئۆتتى بېشىمدىن؟

تەقدىرىمگە ئۆكۈنۈپ ئۈنسىز،
كۆتۈرۈلدى كۆڭلۈمدە غوۋغا.
شادلىقىڭنىڭ ئالتۇن جامىغا،
كۆز - يېشىمنى قىلىمەن سوۋغا.

5

سىڭىپ گۈگۈم قوينىغا شەپەق،
ياپراقلاردىن ئۈچكىنىدە ناز.
كۆيلىشىدۇ قۇشلار بولۇپ مەست،
مەن تىڭشايمەن بولۇپ ئىشقىۋاز.

دىمىغىمدا كونا بىر ناخشا،
تەڭكەش ئەمەس گارمۇنۇڭ، ئەپسۇس.
يىراقتىكى بىر ئورۇندۇقتىن،
نازلىق كۈلكە ئاڭلىنار بەك سۇس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

6

ئۇچرىغاندا كۆۋرۈك بېشىدا،
چاقچىقىمدىن رەنجىدىڭ قەستەن.
بىلمىدىڭمۇ كۆڭۈل سىرىنى،
تىترەپ تۇرسا ئالدىڭدا بىر تەن؟

جامالىڭغا ئەسىرمەن ئەمدى،
تاشلىۋەتتىم بالىلىقىمنى.
ئەيىبلىمە ئويچان ئىكەن دەپ،
بىلىپ قالغىن شائىرلىقىمنى.

7

ئۆتكەنلەرنىڭ يۈيۈلسۇن بەرى،
ئەمدى سېنى سۆيمىدىم، نىگار.
بېرىپ بولۇپ مېھرىڭنى ئۆزگە،
كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىڭ بىكار.

ئەمەك ماڭا تۇنىنىڭ سەيلىسى،
ئاچچىق قىسمەت بولسىمۇ راۋا.
سۇبھىلەردە بېرىپ تەسەللى،
چاچلىرىمنى سىلايدۇ سابا.

ئۆگەيلىسە تەقدىر مۇبادا،
بولسۇن ماڭا كۆز يېشىڭ پىنھان.
بوپتۇ دەيمەن تېۋىنىپ ئەگەر،
چۈشلىرىڭگە ئەيلىسەڭ مېھمان.

8

دولقۇنلارغا كەتتى كۆمۈلۈپ،
شامال ئېلىپ قاچقان شوخ پاراڭ.
ۋاقىتسىزلا ئۆلگەن ئۈمىدنىڭ،
مەقبەرىسى بولۇپتۇ غازاڭ.

خىسلەتكە باي ئەۋرىشىم قوللار،
ئوينىمايدۇ بۇدرە چېچىمنى.
تاپالارمۇ ئاختۇرۇپ شۇ يار،
كېچىلەرگە سىڭگەن يېشىمنى؟

9

سەن يىراقتا قالغاچقا تەنها،
ئىستىمىدىم سۆيگۈمگە ئۆلپەت.
باغچە ئارا كۆرسەم جۈپ سايە،
سايە تاشلار قەلبىمگە كۈلپەت.

قولۇمدا بار پەقەت بىر سۈرەت،
قېتىپ قالغان ئۇنىڭدا كۈلكەڭ.
بولسىمۇ گەر ھەمراھ ھەر قاچان،
بولمايدىكەن ۋىسالىڭغا تەڭ.

تىنىقىمدا ئېغىر ۋە ئېغىر،
لەپىلدەيدۇ ھالسىز بىر يۈرەك.
تەنھالىقنىڭ ئۆچۈن مەن تەنها،
پەرىشتەم يوق سېنىڭدىن بۆلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

10

باراي دېدىم، بولدۇم ناتىۋان،
سەن خەت يېزىپ تۇرمىغاچ يوقلاپ،
ساڭا مەيتۇن باققان كۆزۈمدىن،
قارچۇقلىرىڭ كەتتىمۇ ئاتلاپ؟

نۇر ئويىنىشىپ يۇرەر باللار،
سەن باھاردا يۈيۈنغان كۆلدە.
مېنى مەجنۇن ئەيلىگەن كۆلكەڭ،
تەكرارلىنار پەقەت كۆڭۈلدە.

بارماقتىمەن ئالدىغا چالىنىڭ،
چۇشلىرىمگە تاپاي دەپ تەبىر.
يىراقىڭغا بېرەرمۇ بەرھەم،
چىدام بىلەن ساقلىغان سەبىر.

11

بىزگە قۇچاق ئاچقان سۆيۈملۈك،
سالقىن ئورمان قالدى تاشلىنىپ.
تۇرار پەقەت كونا بىر ئۆتمۈش،
شادلىق بەرگەن چۇشتەك يادلىنىپ.

بىزگە گىرە سالغىنىدا تاڭ،
يالتىرايتتى چېچىڭدا شەبنەم.
ئۆزۈڭچىلا ئۆيلىسىپ مەندىن،
يەرگە قاراپ تۇراتتىڭ، ئەركەم.

12

تەييار قىلىپ ئېيتاي سۆزۈمنى،
كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى يار.
نېمىشقىدۇ كۆتۈرۈپ چېلەك،
سۇ ئالغىلى چىقمىدىڭ زىنھار.

باسار ئىدىم ئۆزۈمنى زورغا،
تىنىقىڭغا بولسامىمۇ خۇمار.
سەن چىقمىدىڭ لاۋا ئىشقىمنى،
ئەمدى قىلىمەن كىمگە ئىزھار؟

13

سۇمبۇل چاچلىق، زىلۋا قامەت يار،
بارماقلىرىڭ نازۇك زىيادە.
تارغا يېنىك چېكىلسە، ئەمما،
سىرلىرىڭنى قىلار ئىپادە.

راست سۆزلىسەم سېنى مەن ئەمەس،
ناخشاڭ مېنى تاللىغان دىلبەر.
تال - تال چېچىڭ يۈزۈمگە يۆگەك،
سېھرىڭ بىلەن ئۆتىدۇ تۈنلەر.

سەبىيلىكنى كۆيدۈرۈپ پات - پات،
تۇغۇلىدۇ لەۋلەردىن چاقماق.
كۆي ئالىدۇ سۆيگۈدىن زىننەت،
ئۈستىمىزدە يۇلتۇزلار ئويغاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

14

پاناھ بولدى يەنە شۇ راۋاق،
مۇمكىنمىدى بىر كۈنگە چىداش؟
سۆيگۈمىزگە يېزىپ رىسالە،
ئاق ئايدىڭدا بولۇشتۇق سىرداش.

ئاق قۇ بولۇپ ئۇچتۇڭ قېشىمدىن،
ئاي ئاسماندا بولغاندا غايىب.
قەلبىم ئارا ئويغاندى تەشۋىش:
كەتكەنمىدۇ ئاناڭ بەك كايىپ.

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى

## يەنە دېڭىز

ئىزدىدىم
دېڭىزىمنىڭ ئاستىدىن ئۈنچە،
بىلمىدىم،
گادايلىشىپ كەتتىمغۇ شۇنچە.

1986 - يىل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بوران مېنىڭ نامىمدىن ئۆتسۇن

شائىرمەن،
تاڭ شەپىقى مەن سۆرگەن ئويلار.
يۈرىكىم دەۋەت، قانلىرىم سىياھ،
قەلىمىمنىڭ ئىزىدۇر يوللار.

شائىرمەن،
قەلبىم بارچە ھېسلارغا خاقان.
ھەيۋىتىدىن چۇقانلىرىمنىڭ
تاغلار چۆچۈپ تىترەيدۇ جاھان.
يۆلىسەم ئەگەر
ھۆركىرەيدۇ داۋالغۇپ ئوكيان.

شائىرمەن،
— يۇلتۇز
قەبرەم ئۆزرە قويۇلغان گۈللەر،
دولقۇنلاردىن سەپ تۈزۈپ،
شاۋقۇنلاردىن خور
بوران مېنىڭ نامىمدىن ئۆتسۇن.

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى

## زېمىن بىر نوتا

زېمىننىڭ بېتىدە ساناقسىز ئىزنا،
ئۇ قايسى مۇغەننى قالدۇرغان نوتا؟
قېنى ساز، سازەندە، كۈيگە ئىشقىۋاز،
ھاياتى بۇرچىنى ئەيلىسۇن ئادا!

1986 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىلەرسەنمۇ

(تۇرسۇن ياقۇپ سايرامىنىڭ غەزىلىگە تەخمىس)

تەبەسسۇم بىرلە ئاي مىسلى يۈزۈڭنى كۆرسىتەرسەنمۇ؟
سۆزۈڭنىڭ بالىدا مېهمان قىلىپ، دىلنى كۆتەرسەنمۇ؟
ۋە يا جىسمىڭ ئارا مەندىن سىرىڭ پىنهان ئېتەرسەنمۇ؟
ۋاپاسىزلىقنى ئەيلەپ باشپاناھ تەنها ئۆتەرسەنمۇ؟
بۇ ھىجران دەردىدىن چۆللەر ئارا قانلار يۇتارسەنمۇ؟

لاتاپەت بابىدا سەندىن قالۇر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ رىزۋان،
شۇڭا، ھۆسنۈڭنى بىر شەمئى بىلىپ ھەرجان بولۇر بەريان،
تېنىڭنى كۆپ ھەشەم بىرلە بېزەپ، توزدەك قىلىپ جەۋلان،
پەرىدەك كۆرۈنۈپ بەزەن، چۈشقىتەك تولغىنىپ ھەريان،
مېنىڭدەك دىلى مىسكىنگە سېلىپ دەرد، شاد كۈلەرسەنمۇ؟

قەسەمىيادىڭ بىلەن بەرگەن ۋاپا لەۋزىڭ قىلىپ نەدە،
بولۇپ يالداما قالدى سۆيگۈنىڭ سوغ ئىزلىرى لەۋدە،
ئىكەن كۆڭلۈڭ ئالا، ئېيتقىن، ئۆزۈڭمۇ سېھىرگەر زادە،
«بۇ سۆيگۈم ساڭىلا مەنسۇپ» — دېبان باشتا بېرىپ ۋەدە،
قىلىپ شۇ ئەھدىگە شۇملۇق ۋىسالغا ساق يېتەرسەنمۇ؟

ئىدىم شۇنچە ئىجىل ئەسلى ساڭا مۇشتاقلىقىم بىرلە،
كۆيەتتىم ئۆرتىنىپ خۇمدان كەبى ئامراقلىقىم بىرلە،
لېكىن، ئەمدى دۇچار بولدۇم ئەلەمگە، تاقلىقىم بىرلە،
سېنىڭدە بولمىغاچ ئىنسانىي خىسلەت، ئاھلىرىم بىرلە،
كۆزۈڭدىن ئاققۇزۇپ دەريا، چېكىپ ھەسرەت يۈرەرسەنمۇ؟

مېنىڭدىن ئۆزگىگە مەخپىي بېرىپ ئەسرارۇ - مەيلىڭنى،
كۈلۈپ ئالدىمدا يالغان، كىمگە قىلدىڭ لۇتفى - خەيرىڭنى؟
نېچۈن قىلدىڭ ماڭا يۈز ئۆربان بۇ چاغدا كەينىڭنى؟
دەرىخ، بىلمەپتىمەن تۈلكە بىلەن ئوخشاشكى پەيلىڭنى،
بۇ پاك سۆيگۈمنى خارلاپ، سوڭ ھامان قەدرىم بىلەرسەنمۇ؟

راۋامۇ كۆز ئوقۇڭدا ھەر كىشىنىڭ باغرىنى تىلماق؟
شىپالىق مەلھەمىڭسىز كۆكسىنى سەك سارىدە قويماق؟
خىيانەت - ئىللىتىڭ، ئالىي پەزىلەتتۇر ئۇنى يۇماق؟
ئۆزۈڭنىڭ ئادىتىڭ ئەن مەيلى، دەرد ئۆستىگە دەرد قوشماق؟
تىكىلسەم كۆزلىرىڭگە بىر چىداش بەرمەي ئۆلەرسەنمۇ؟

دىلىڭنى ساختىلىقتا ئۆز تۇرۇپمۇ ئاشيان قىلدىڭ،
ئۆزۈپ رىشتىڭنى، سۇلغۇننى ستەمىڭدىن ئامان قىلدىڭ،
مالامەت ئىلكىدىن ئازاد قىلىپ، كۈننى ئاسان قىلدىڭ،
ئۆچۈرۈلۈپ دىل ۋاراقىدىن كۆڭۈلنى شادىمان قىلدىڭ،
شۇ ناپاك ئادىتىڭ بىرلە ئەگىپ سادەك كېلەرسەنمۇ؟

1985 - يىلى، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەن سەھەردە غايىب بولدۇڭ قاياققا

چىققىنىمدا تاڭدا خانەم سىرتىغا،
گۈلدە سۈزۈك تامچىلارنىڭ چاقنىشى.
بولۇپ دۇچار بىرسى سۆيگۇ ئوتىغا،
تۇندە تەنھا تۆككەنىمدۇ كۆز يېشى.

كۆزلەپ دىلبەر ۋىسالىمنىڭ قۇتىنى،
كەلگەنىمدۇ دېرىزەمنىڭ قېشىغا.
خىيال قىلىپ مەنمۇ ئۇنىڭ بۇتىنى،
تۇن نىسپىدە كېتىپتىمەن ئۇيقۇغا.

سۆيۈملۈكۈم، بولۇپ شۇنچە بىتاقەت،
كېلىپ نېچۈن كۆزنەكلەرنى چەكمىدىڭ؟
ماڭا شۇنچە ئىنتىزارلىق، ساداقەت،
بىراق، تەشۈش قۇچىقىدا بەكمىدىڭ؟

شۇنچە كۈتسە ئويغانمىسا دىلدىشى،
نازۇك يۈرەك تولار شەكسىز ئازابقا.
بىغەم ئىچرە ياپراقلاردا كۆز يېشى،
سەن سەھەردە غايىب بولدۇڭ قاياققا؟

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

## چۇقان

ھاياتنىڭ تۇغىنى تەخسىدەك دۇنيا،
كۆتۈرۈپ كەلگەنگە بولدى كۆپ ئۇزاق.
جىسمىمنى، روھىمنى ياراتتى يەنە،
قانىتىم ئاستىدا قالدى ئۇ يىراق.

شائىرلىق قەلبىمدە نازۇك بىر ئاھاڭ،
سېھرى بار پىرجەڭگى كۈيىدىن چەكسىز.
ئالدىمدا پىرقىرار كونا بىر مودېل،
ئىشقىم بار ئۆزگە بىر سۈرەتكە تەگسىز.

ھاياتنىڭ ئانىسى ئالتۇندەك قۇياش —
يۈرىكىم بوشلۇقتا قالدۇرغان مۇزا.
سىمابتەك ئېرىيدۇ چوققىلار بەستى،
كۈي بولۇپ كۆكسۈمدىن چىققاندا لاۋا.

سىرلىق بىر «ئاھ» بىلەن ياراتتىم قەترە،
ياسىدىم ئۇنىڭدىن يېڭى بىر ھەيكەل.
ئويغاتتى دىلدا زوق، لەۋدە تەبەسسۇم،
كۆزلەرگە ئۇمايدەك تاشلىنىپ گۈزەل.

1987 - يىل، ئۈرۈمچى

## چۈشەندىم، بار ئىكەن شائىردەك كۆڭلۈك

باغرىڭدا ياتىدۇ تالاي خاتىرە،
مەھلىيا ھېس بىلەن ئوقۇيدۇ ساما.
تىنىمسىز ۋاقىتنىڭ جىمجىتلىقىدا،
سەن نېچۈن خىيالچان، تاقىرباش دالا؟

گۈگۈمنىڭ قاناتلىق شامالىرىغا،
مىنگىشىپ دېڭىزغا كۆچكەنمۇ كۆيۈك؟
لېۋىمدە بىر تىترەك، دىلدا ئېھتىراس،
چۈشەندىم، بار ئىكەن شائىردەك كۆڭلۈك.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ناخشامدا ياراتتىم قىشتىمۇ باھار

ئۇخلىسام، سۇرەتلىك ھاياتقا خوش دەپ،
باھارىم كۆلكىسى چۈشۈمدە ئايان.
خىياللار بەھرىگە چىللايدۇ، بىراق،
رۇجەكنى چېكىشىپ قىشتىكى بوران.

سەھەرنىڭ دىلرەبا جىمجىتلىقىدا،
قار ئۆزرە لاۋۇلداپ كۆيىدۇ شەپەق.
بالىلىق قايتىدىن تۇغۇلدى گويا،
ئېگىمدا يالقۇنغا بولغىنىمدا غەرق.

قىراۋدىن يارىلىپ يەنە بىر دۇنيا،
كۆزنەكتە نامايان باراقسان ئورمان.
ئورماننىڭ ئىچىدە ئېرىق بويىدا،
يار بىلەن مەنىلىك ياشايمەن پىنھان.

بىر پەستە شۇ ھايات، شۇ گۈزەل ئورمان،
كۆزنەكنىڭ يۈزىدە ئايلاندى ياشقا.
ھاياتنىڭ ئەبەدىي قۇچاقلىرىدا،
نېمە بار ناخشا ھەم ئارماندىن باشقا؟

تاپماقىا يارالغان لەۋلەرگە مەلھەم،
ناخشامدا ياراتتىم قىشتىمۇ باھار.
ئوينىشىپ قوياشنىڭ ساقىلى بىلەن،
ئۆيۈمنىڭ سىرتىدا پارقىرايدۇ قار.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاھ، چۆل شامىلى

باغرى چاك، جىمجىت چۆل ئېتەكلىرىگە،
شەپەقلەر يېيىلىدى يەلپۈگۈچسىمان.
شاماللار چېچىمنى ئوينىشار شۇ تاپ،
دىلبەرنىڭ قولىدەك يۇمشاق مېھرىبان.

ئەسلىتىپ رەققاسلار نازاكىتىنى،
يۇلغۇنلار شاخلىرى تەۋرەر، بىتىنىم.
يۇلتۇزغا ئايلىنىپ لالىرەڭ چېچەك،
يالقۇنلار بەھرىدە يالتىرار جىمجىم.

چىغىر يول
كۆي بىلەن تىترەيدۇ جىسمىم،
تىترەيدۇ شامالنىڭ ئاۋازى ھەتتا.
تارىخىم شەنىگە ئاختۇرۇپ نىشان،
ئالەمچە سۆيگۇدە بارىمەن يەكتا.

كەل، چۆلنىڭ سۆيۈملۈك ئۇچقۇر شامىلى،
ناخشامنى چۆللەرنىڭ بېتىدىن ئۇچۇر!
ئەسرىنى قۇچاقلاپ ياتقان ئىسكىلىت،
قېرىماس روھلارغا بېغىشلا ھۇزۇر!

www.uyghurkitap.com

ناخشىغا بۈگۈنكى مۇجەسسەم سىما،
ئۆتمۈشكە ھەممىنى ئەيلىسۈن بايان.
بىز ئۈچۈن مىراسەن قالغان ئىنتىلىش،
يۇلتۇزلار چېھرىدە بولسۇن نامايان.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

## تىنىق

تىنىقىمنى قويدۇرۇپ قىستۇرۇپ
قانىتىغا قۇشلارنىڭ.
سىلكىنگەندە قاناتلار
مۇز ئۈستىگە چاچرىدى باھار
بىلىجانلار
تۈشمۇ تۈشتىن كەتتى يۇلقۇنۇپ.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھىجران قىسسىسى

1

قېنى قىز
قونالغۇسى قاياقتا ئۇنىڭ؟
كۆز يېشىمنىڭ ئاداققى بىر تامچىسى
قېتىپ، توڭلاپ
قۇچىقىدا چاقنار سۇبھىنىڭ.

2

يىگىت شەلپەر خانىسى ئىچرە
كۆتۈرگەندە ئالتۇن بېشىنى،
زەركىرپىكلەر ئېرىتىپ،
غايىب قىلدى قىزنىڭ يېشىنى.

3

قىزنىڭ يېشىدىن،
تۇپراق يۈزى كەتتى نەملىشىپ.
سانسىز يۇلتۇز تۆرىلىپ يەنە،
گۈل بەرگىدە تۇرار تەۋرىنىپ.

4

كۇندۇز قىزنىڭ چۈشىدۇر گويا،
ئۇخلار ئاڭا يۆگىنىپ دۇنيا.

1987 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# تۇل ئانا

زەڭگەر دېڭز ئاھ، ئۇرغان چۇشتە،
زەڭگەر كۆڭلەك كەيگەن بر ئانا،
بالسنى يېتلەپ،
بارار كۇل رەڭ ساھلنى بويلاپ،
زەڭگەر كۇنلۇك تۇتۇپ قولدا.

لەرزان شامال قۇچاقلردا،
تەۋرندۇ زەڭگەر رەڭ دولقۇن،
يەلپۇندۇ زەڭگەر رەڭ كۆڭلەك.
گاھى ئۆرلەپ
گاھى پەسيپ
دولقۇنلايدۇ ئاننڭ كۆكسى:
زەڭگەر
زەڭگەر
زەڭگەررەڭ جۇلا،
ئېتلدۇ قەدمي ناخشا،
ئشتكەندە ئۆرتنەر يۇرەك.

ئاق بۇژغۇنلار
شامالالارغا منگشپ پات - پات،

سىڭىپ كېتەر رەڭگەر كۆنلۈككە.

رەڭگەر دېڭىز
كۆل رەڭ سەيلىگاھ
رەڭگەر كۆنلۈك، رەڭگەر رەڭ ساما،
رەڭگەر - رەڭگەر
رەڭگەر رەڭ دۇنيا.

1987 يىلى، ئۈرۈمچى

## رادىكال ئاستىدىكى دۇنيا

پاتمىدىم
رەقەملەرنىڭ كۆزنەكلىرىگە
قاچالمىدىم ئۆزۈمدىن ئۆزۈم
تامچىلىدىم
شالغۇتلاشقان مۇھەببەتكە
مۇھەببەت ئۇرۇلدۇ يىراققا
يىراق قوشۇلدۇ تاغقا.
يۆتەلدى شۇ چاغ
رادىكالنىڭ ئاستىدا دۇنيا.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئەلچى

يېرىقلىرى سېغىزنىڭ
ياماشماقتا دەرەخ شېخىغا
ئوت پارچىسى
بېرىپ كەتتى ئاسمان ھىدىنى
تۆمۈر تۇمشۇققا.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئۆيقۇدىكى پەرىزات

ئۆتمۈشۈمنى ساقلاپ،
يانقىنىمدا بەھۇزۇر ئۇخلاپ،
ئۆتۈپ كەتتى ئاي،
چىرايىمغا كۆلەڭگە تاشلاپ.

چىرايىمدىن
قىسمىتىمنى ئاختۇرۇپ شامال،
پىرقىرايدۇ شاپاشلاپ،
گاھىدا
ناخشا تىلەر جىمجىتلىقىمدىن.
ھەر سەھەر
سىرلىرىمنى ئالالماي سەندىن،
كېتىدۇ چولپان
ساھىلىمدىن گۇگۇمنى باشلاپ.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## زاھىد

شېئىرلارغا ئوراپ دىلىمنى،
يۈرۈپ كەتتىم. . .
قونالغۇلار قالدى ئۇزاقتا،
چەكتىم
كۆرسەم يورۇق روجەكلەرنى،
ئالالمىدىم دەم
كۆز يېشىنىڭ قاينىمىدا تۇنجۇقۇپ.
تۇنىمەيلا خوشلاشتىم شۇڭا.
ئىلاھ سۈپەت تالانتلار
چىللار مېنى تەرەپ - تەرەپتىن.
كۈلكە
ھەسرەت
چۇقانلار بىلەن
قىزىل
سېرىق
ياپىيېشىل نۇرلار
گىرەلىشىپ
كىرپىكىمگە توقۇيدۇ تورلار.
كۆزۈمدىن ئۆپۈقچە

ئۇپۇقتىن كۆزۈمگىچە
لەپىلدەيدۇ ئەۋرىشىم يوللار.

باقىنىمدا ھەر ياققا تېنەپ
يىراق ئۇپۇقتىن
كۆتۈرۈلدى يۈرىكىم.
يۈگۈردۈم
يۈرىكىمدىن تۇرالغۇ ئىزدەپ.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى

## بارىمەن يەنە

ئىزلاردىن توقۇلۇپ،
پۈتتى سانسىز گىرىمسەن يوللار.
قۇيۇنغا ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى
خىيالىمغا ئارتىپ قويدى شامالار.

يايدىم
بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكىچە،
بىر - بىرىگە ئۇلاپ يوللارنى...
بىر پەستىلا تۈگەتتىم مېڭىپ.

ناخشامغا قاراپ بارىمەن يەنە،
داۋامىنى توقۇپ يوللارنىڭ.

1987 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قىشتىكى خامان

كۆرۈپ ياتار تومۇز چۈشىنى،
ئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن خامان.
قونۇپ ئاڭا توپ - توپ قاغىلار،
قار ئاستىدىن ئىزدىشىدۇ دان.

ياتار سۈكۈت قۇچاقلىرىدا،
«لاي - لاي» لىرىم سىڭىشىپ پىنھان. . .
تولۇق تەنھا يېتىپ بىر چەتتە
يەرگە قىسسە سۆزلەيدۇ راۋان.

تۇمانلارغا چۆمۈلدى ئاستا،
ئالدىمدىكى گىرىمسەن دۇنيا.
بولۇپ قالدى قاغىلار گويا،
ئاق قەغەزگە چاچرىغان سىيا.

شۇ سەھىپە ئېتەكلىرىگە،
مىسرالىرىم قوندى ھەم بىرىپ.
پىكىرلىرىم جىلۋىسى ئارا،
قارا توچكا يوقالدى ئېرىپ.

كۆكرىكىنى يېقىپ خامانغا،
بولۇپ كەتتى ئويلىرىم سىرداش.
خوش دەپ يازنىڭ ئەيياملىرىغا،
دەم ئالغاندەك ياتىدۇ بىر تاش.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# يوپۇرماقسىز بىر توپ ئاقتېرەك

يوپۇرماقسىز بىر توپ ئاقتېرەك،
كەڭ دالادا قالدى مۆگىدەپ.
گۈگۈم ئىچرە ئۆتەر شاماللار،
ئۇنى قىشلىق ئۇيقۇغا ئۈندەپ.

يېيىپ ئاپئاق چۇشىنى دەرەخ،
ئەتراپىغا تاشلىدى نەزەر.
كۆردى كۆكتىن ياپراقلىرىنى،
چاقنار ئىدى بولۇپ خۇددى زەر...

يوپۇرماقسىز شۇ بىر توپ تېرەك،
كەڭ دالادا قالدى مۆگىدەپ.
چۇشلىرىنى ھۇركىتەر شامال،
ئۇنى قىشلىق ئۇيقۇغا ئۈندەپ.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بوۋاي ۋە ئاي

قارىمىقىنى تاشلاپ سۇغا چال،
ئولتۇراتتى ئاي كۆلگەن سەھەر.
بوشلۇق تامان سەكرىشىپ بېلىق،
سۇ يۈزىگە يايىدۇ چەمبەر.

ئاينىڭ سۇنۇق سۈرەتلىرىنى،
دولقۇنلاردىن يىغىدۇ شامال.
بېلىقچى قۇش ئۆتىدۇ بەزەن،
چال كۆزىگە كۆرۈنۈپ غىل - پال.

ئالما كەبى قىزىرىپ ئۇپۇق،
زەڭگەر كۆكتە ئېرىپ كەتتى ئاي.
نېمىنىدۇر ئېيتىپ بوۋايغا،
شامال كۆلنى ئايلىنار تىنماي.

چال ئولتۇرار ئويچان ھەم تەنھا،
كۆزلىرىنى تىكىپ قارماققا.
شامال ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە،
ئاينى ئېسىپ كەتتى يىراققا.

يېشىل چۇشىنىڭ ئىزگۇ قوينىغا،
يۈرۈپ كەتتى بوۋاينىڭ ئېسى.
تىترەپ قوللار تۇمانلىق كۆلگە،
چۇشۇپ كەتتى قارماق دەستىسى.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قۇيۇن ۋە سەھەر

قۇيۇنلار
چىرىپ كەتكەن ماچتىلارنى
ئايلاندۇرۇپ بارماقلىرىغا
چېكىپ ئۆتەر جەننەت ئىشىكىنى.
چاناقلارنىڭ ئايلانمىسىغا
چۆكۈپ كەتكەن تىترەك يۇلتۇزلار
سۇزۇپ يۈرىدۇ
قۇچاق - قۇچاق سۇكۇت قوينىغا
قاناتلىنىپ كەتكەن قاشلارنى.

مىڭئۆي ئىچىدىن
ئۇچۇپ چىقىپ دەريا شاۋقۇنى
قۇچاقلىدى يېشىل ئورماننى
يىراقتىكى قاراڭغۇلۇقتا.
شەبنەملەرنى چۈشىگەن سەھەر
چىلاپ ئاڭا موي قەلەم
سىزىپ چىقتى ئۆزىنى
قەۋەت - قەۋەت ئاسمان شەكلىدە.

کىم ئۇ
بىر پۇۋلەپلا
كۆكلەكلەرنىڭ گۈلىنى
توزغاقلارغا ئايلاندۇرغان؟

قومۇشلارنىڭ كاۋاكلىرىدا
ساناپ ياتار پادىچى
غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىشىنى.

1988 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سايە

بوۋاينىڭ چۈشىدىكى بازار
قىمىرلايدۇ تۇمان ئىچىدە
ئوتتۇنچىنىڭ قولىدىن
ھالقىپ چىققان گۈلنىڭ سايىسى
ئۆيۈپ قالدى شەھەردىكى قاراڭغۇلۇقتا.

ئىسرىقلارنىڭ تۈتۈنىگە مىنگىشىپ،
تام دەزلىرىدە قالدۇرۇپ گۈلخان
دېڭىزلارغا ئۇچار قورۇقلار.

تۈنەپ قالدى
بىر توشقاننىڭ بەڭۋاش سايىسى
بۆشۈكتىكى كولدۇرمىنىڭ ئىچىدە.
ئالداپ قاچار بالىلارنى كەچلىرى
چاقماقلارنى يالاپ بەزىدە.

بوۋاي ئېيتقان ناخشىلار
ئۇخلاپ قالدى بۇرجىكىدە خاماننىڭ
سايە
بولامدىكىن ئاڭا يېپىنچا؟

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

## مۇھەببەت لىرىكىلىرى

«مۇھەببەتتە بىر ئىشىك ئېتىلسە، يۈز ئىشىك ئېچىلىدۇ.»
— ناۋايى

1

قار توزۇغان بورانلىق ئاخشام،
كاچكۇللارنى چارلىدى ئۆيقۇم.
بولالمىدى بىلىقىا مەبۇد،
ھىلال ئايدەك ئېگىلگەن تۇرقۇم.

تەبەسسۇمۇڭ سۈكۈتلىرىمنى،
قىيىنغاندەك بىلىندى قاچان؟
دېرىزەمنىڭ كىرپىكلىرىگە
هال رومىلىڭ ئىلىندى قاچان؟

ئارمانلارغا بولماقتا يولداش
لەرزانغىنا لەيلەپ كۈيلىرىڭ.
يېتىمسىرەپ قالدى يىراقتا
سايىلەرگە ئامراق ئۆيلىرىڭ.

www.uyghurkitap.com

2

مىلەگزەڭنى سىپىلاپ ئاستا،
ئۆتۈپ كەتتىم ئويغاتماي تۇندە.
بوسۇغاڭدا قورۇق يوپۇرماق
تىپىرلايدۇ يىغلاڭغۇ ئۇندە.

هويلاڭدىكى ئۈجمەڭدە كوزا،
قارا قۇشقاچ يوقالدى قاچان؟
مەن ئورماندا ئۆگەتكەن سۆزنى
كېكەچ تىلدا قىلامدۇ بايان؟

شەپەقلەرگە ئايلىنىپ جىسمىم،
يېپىشمىسا ساڭا مۇبادا،
ئىچ ئاغرىتىپ، بىرلا خورسىنىش —
يۈز بېرەرمۇ سەندەك زىبادا؟

3

دەريا ئۆلدى نېمىشقا بۇ كەچ
يېشىل كۆككە ئۆرلىتىپ تىترەك؟
جىۋەك ئايمۇ ئۆمىلەپ بۇ دەم
ساھىللارغا تارتماپتۇ جىيەك.

شەبنەملەردىن ئىزدەپ ئەتىگەن
تاقىتىم يوق كىرگەندە باغقا.
جىلۋەڭ غايىب، تىنىقلىرىڭنى —
ئەۋەتتىڭمۇ خىيالچان تاغقا؟

تۇزۇپ كەتكەن نىگاھىڭ بۇ دەم،
ئىڭراشلارغا بولىدۇ يوپۇق.
تۇرلىرىنى يېيىپ، بىر سېنى
كۈلۈمسىرەپ ئىزدەيدۇ ئۇپۇق.

4

مورا ئىچرە سېلىشىپ چاڭگا
قۇرغاق ماتەم ئىزدەيدۇ مېنى.
تۇندە فوسفور ئۇچقۇنلىرىدا،
جىلۋە قىلار سەھەرنىڭ قېنى.

مومام ئېيتقان چۆچەك ئىچىدە،
كەپسىزلىكىم ئۆكسۈمەس زىنھار.
تورغاي ئۇنى سەبىيلىكىمگە
يېپىشىدۇ بولۇشۇپ خۇمار.

ئىشىتىسەن ئۈزۈك شىۋىرلاش
تاپالمايسەن ئىزدىسەڭ، ئەمما.
پەيلىرىمنىڭ سېھرى جاھانغا
تاشلاپ ئۆتەر سانسىز مۇئەمما.

5

قاپتالدىكى كەپەڭنى گۈزەل
ئالۋۇنلىرىڭ يۇرەمدۇ ئويناپ؟
بويناقلىرىڭ قاۋاپ تۇن بويى
كارۋانلارنى يۇرەمدۇ قوغداپ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بوۋىمىزدىن قالغان قومۇش نەي،
توغراقلارنى ئۇندەمدۇ چۇشكە؟
نىسىپ بولماي كەلدى بىر چۇشنى
ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۆرۈشكە.

تۈگۈلۈكۈڭگە قونامدۇ توزغاق،
مەن توقۇغان قوشاقنى سۆيلەپ؟
دەمدەلەرگە بېرىپ تۇرغىن دان
كۆيلەپ تۇرسۇن بۇقۇلداپ، ئۈنلەپ.

6

دىرىزەڭنى ئەۋەتتىڭ قايان؟
تاپالمىدى ئىزدەپ ئاق كېپە.
مۇساپىرغا بولدۇڭمۇ گۈلخان
دالالاردا ھەتتا تاڭغىچە؟

يىرىقلاردا يۈرسەن مۆكۈپ،
چاقىرسامۇ قاچتىڭ ئۈنىماي.
مەنمۇ داغدا سەنمۇ ھەم داغدا
ئاشىقىڭنى قالسالڭ تونۇماي.

7

ئۈركۈتمىگىن يوللارنى جانان،
مەھەللەڭنى ئەيلەپ سېھىرلىك.
پۈكلەۋېرىپ بەرمىگىن ئازار،
يوللار سىبخى، يوللار مېھىرلىك.

قەدىرلەيدۇ ئىلاھمۇ چوقۇم،
پىكىرلەشسە ئوتلۇق كۆزىمىز.
مىنىپ كېلىپ زاۋالغا ھەتتا،
كۈيلىرىنى ئاڭلىتار دېڭىز.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

# قەلئە

بىر تامچە ياش ئاستىدا،
يېلىنجايدۇ ئاپئاق ئۇستىخان.

كۇمۇش ئۇچقۇر قاناتلىرىنىڭ
يەلپۈشىدىن سىرىق تۇپراقنى
تاش بارماقلار قالدى ئېچىلىپ.
زەيتۇن ياپراقلىرى تۆكۈلدى ئاڭا
ئۇنتۇلغان بىر شاۋقۇن قوينىدىن.

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قۇش ناخشىسى

بوغۇزلىرى قۇرۇغان بىر قۇش
يىقىلدى
ھەيكەلگە دېڭىزنىڭ.
كۆزىدىن
باش كۆتەردى يالىڭاچ ئورمان،
سەرسان بۇلۇتلار
تاشلاپ بەردى يېشىللىقىنى.

قۇشلار
تۇخۇم سالار چاڭگىلارغا
چاڭگىلار
باش قويىدۇ شاۋقۇنلارغا.

1988 - يىل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تامچە

ئەسىرلەرنىڭ كەينىگە
ئېلىپ كەتتىم دولقۇنۇڭدىن بىر تامچە.
پېتىپ خىيالغا
ئوت ئىچىدە ئولتۇرار تامچە
ئىسسىمنى قۇچاقلاپ
دولقۇنۇڭنى قىچقىرار بەزەن.

تامچە بىلەن
ئۆچرىشىدۇ چاناقلىرىم
چىقىپ تۇپراقتىن.
ئۈزۈپ يۈرەر تامچىدا
ئوكيانلارنى يېگەن بېلىقلار.
تامچە! . . .

1988 - يىلى، ئۈرۈمچى

# ئۈلۈم ناخشىسى

بال ھەرىسىنىڭ ئىزدەشلىرىگە،
قۇزغۇن سايىسىنى قالدۇردى دېسەم
بېرىپ كېتىپسەنغۇ پىچىرلىشىڭنى! ؟

ئاتەش قوتىسىدىن چىچىلغان ئۇچقۇن،
ئالما رەڭ كۆلكەڭگە تىزاي دەپ چاڭگا.
غازاڭ دۆۋىسىنى يورەر مالتىلاپ.
ئۇپۇق سەھنىسىدە كۆرسىتىپ سېھىر،
سەن ماڭا قالدۇرغان پىلاستىنكىنى،
كىمدۇ ئۇرمانلاردىن قاچتى ئوغرىلاپ.

دېرىزە ئالدىدا تۇرىمەن ئەمدى
قېنى دەپ
ئىمزاسىنى سېخىي رەسسامنىڭ،
ئالدىمدا خۇش پۇراق تەۋرەنگەي توقاي.
قۇشلار ناخشىسىدىن يوللاپ بىر مەكتۇپ،
مېنى ئېلىپ كەتتى بۇ يەردىن چىللاپ.

1989 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ

1

تۆكۈپ يېشىنى
ئاق يانتاققا ئىلىنىپ قالغان
ناخشام تېكستىنى ئوقۇيدۇ بۇلۇت.
ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ
لەپىلدەيدۇ قەبرە ئۈستىدە.

2

ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ
نوھنىڭ كېمىسىنى ئېلىپ ئارىيەت،
مېنى سۆزمەك ئۈچۈن تاشلىماقتا تور.

3

كۆۋرۈكلىرى پاچاقلانغان
جەھەننەمنىڭ جىلغا كۆكىدە.
پەرۋازىڭدىن قالار سىزىقلار.
ئۈچۈۋېرىپ
ئۈدۈلىغا چاناقلىرىمنىڭ

كاۋا پىلىكىدەك ياسىدىڭ بارالڭ
چېچەكلىرى ھەرىسىز ئۈنىڭ.

4

قاراسلىدى ئاسمىنىم.
سۇنۇقلىرىدا
پىرقىرايدۇ يەنە بىر ئاسمان.

1989 - يىل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇزغاق

پەلەكنىڭ چاقى تۈگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە؟
ئەلەمنىڭ داغلىرى قالدى،
چاي ئىچكەن پىيالەمدە.
— خەلق قوشىقى

1

ھالرەڭ كۆك ئاستىدا ئۇچقان بىر كەپتەر
نىگاھىم بىتىگە كەشتىلەپ ئۇچقىن
يوقالدى بۇلۇتلار باغرىغا سىڭىپ.
مەن سۆيگەن دىلبەرنىڭ قۇندۇزرەڭ چېچى
ئاسمان گۈمبىزىگە يېيىلدى ئاستا
يالتىراق بىر قوڭغۇز يوقالدى ئېرىپ
جىملىقنىڭ شارابىتەك قويۇق تۈرى ئارا.
تەقدىرى ئەسەبىي قوللاردا قالغان —
ئۆلىمىنىڭ تۇزغان پەيلىرىسىمان
ھەسرەتلىك بىر ناخشا تارالدى ھەريان.
ئۇشبۇ دەم ھالىدىن كەتتى نازاكەت
ھاۋاغا ئۆرلىدى سوغۇق بىر نەپەس.
تىترەڭگۈ ھاياجان قالدى كۆۋەجەپ
رەسىدە كۆكسىدە يامغۇر سۆيىنىڭ

ئۇخلايدۇ چاقماقلار، ئۇخلايدۇ ئاسمان،
ئۇخلايدۇ ئەرۋاھى كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ،
ئۇخلايدۇ قاناتلار
قېقىلغان مەيىن
ئۇخلايدۇ تۇزلۇق ھەم سىيارەڭ پۇراق،
ئۇخلايدۇ
ئۇخلايدۇ
ئۇخلايدۇ شۇ دەم
رەسىدە كۆكسىدە يامغۇر سۈيىنىڭ.

ئېچىمدا بىر ساھىل
ئۇندا ئىسكىلىت
تۇرىدۇ سۇلايمان ھاسىسى كەبى.
بەئەينى ئالۋۇندەك تاشلىنار كۆزگە
قۇياش ئايلىنىشىدىن قالغان سىزىقلار.
بۇ يەردە گۈلخانلار ياندى ھەم ئۆچتى
ياندى ھەم
ئۆچتى ھەم
ياندى ھەم ئۆچتى.
ئۇپۇققا لەۋ ياققان دولقۇن تېنىگە
قاراپ ئېقىپ كەتتى قوي كۆز گۆھىرى،
تەنىنىڭ قەپىسىنى پاچاقلاپ يۈرەك
مۇستەھكەم بىر تاشقا ئايلىنىپ كەتتى.
شامالار دېڭىزغا يازماق ئۇچۇن شېئىر
پات - پات قەلىمىنى سۇركەيدۇ ئاڭا،
تاڭلار تۇغۇلمايدۇ ئۇپۇقتىن ئەسلا

ئاشۇ تاش تاغلارغا ھامىلدار ئانا.

ئاتتى شۇ ساھىلغا بىر خۇمرىنى
زەرلەر يالتىرىشىنى يالماپ ھەم يۇتۇپ
تىنىمسىز دەۋرىگەن زىمزىيا دولقۇن
ئويمانغا لىق تولغان يامغۇر سۈيىنى
شاللاق بۇلۇتلارنى

قاڭسىق گۈگۈمنى
سانجىق قىسمىتىگە، ئۆكسىشىگە سىڭىپ،
كەتكەن جان خۇمرىنىڭ ئىچىدە

بەلكىم
ئىسراپىل نەرىسىدەك شاۋقۇننى بىسىپ
خۇمرىنىڭ ئىچىدىن چىقتى بىر سادا:
— ئەسلى مەن سىلەرنى قىلغان بىناۋا.

ئەنە

كۆز ئالدىمدا ئوتلۇق بىر يىلان
تەڭرىنىڭ كۈچىنى قىلىدۇ ئايان.
ئۇنىڭ تىنى گويا شىۋى قەدرىدەك،
پەيلەر ئۆچۈپ يۇرەر ھەرىلەرسىمان.
ئەنە

كۆز ئالدىمدا ئوتلۇق بىر يىلان
بوشلۇقتا بەھۇزۇر ياسىدى جەۋلان.
سىپىپ ئۇچقۇنلاردىن كىپچىلەرگە دان،
پارلىدى چاقماقنىڭ يالقۇنىسىمان.
ئەنە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىمدا ئوتلۇق بىر يىلان. .

زەنجىر ھالقىلىرى تۇتاشقان يەردە،
تەبەسسۇم ھەم نەپەس ئاراچلىرىدا،
باللار ئاسلانلارغا ئۆي سالغان جايدا
لاغايلاپ
تەمتىرەپ
تېنەپ ھەم يوچۇن
ئەي ئۆلۈم، قايسى چاغ قوچتۇڭ سەن زەپەر؟!

قۇرۇماس بۇلاقتىن باشلانغان بىر يول
مېنى ئېلىپ كەتتى يىراق بىر جايغا
سەن ئۆتەڭدە چېچىنى تاراپ
ناخشىلار ئېيتىدۇ يالڭاچ ئاخشام.

2

قۇملار ئۆركىشىدىن ئاتلار كىشنىشى
ئۆرلەيدۇ ۋە كۆكتە ياسايدۇ غەليان.
نوقۇپ سازەندىنىڭ خىياللىرىنى
قالۇننىڭ تارىغا قونىدۇ شۇئان.
تاش تېگىپ غارىدا ئۆلگەن شەيتاننىڭ
جەسەت كۆللىرىنى قوچۇيدۇ بارماق
ئۇنىڭ قارنى ئىچرە قۇرئان ۋە نومنىڭ
چىرىپ ئۇۋاق بولغان ۋاراقلىرىنى
شامالّلار توزۇتۇپ، چاچىدۇ ھەرياق.
نېچۇندۇ، يېپىلغان ئاقۇش پەردەك

سۇبھىنىڭ جامالى تاشلاندى كۆزگە.
مۇئەللەق ئابىدە
بىر تاش ئابىدە
قورۇقلار قاپلىغان باغرىنى ئېچىپ
كىرىشتى ئىلاھى سۇكۇتلۇك سۆزگە.
گۇللەر ئۇرۇقىنى چاچتى دالىغا
كۆكوش شاۋقۇن ئارا ئۇچقان بىر ساداق
سۆسۇن رەڭ ئېتەكنىڭ يەلپۈشلىرىدىن
بارغانچە ئۇلغىيىپ كۇندۇز يالقۇنى،
جىرا ھەم ئۆڭكۈرگە يايدۇ قۇچاق.
پەرىلەر خۇشلۇقى يايدۇ چەمبەر
سۇزۇك سۇ بېتىگە يىڭناغۇچسىمان
ئالەمگە تور يېيىپ يۈرگەن رەقەمنىڭ
بويلاپ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى كۆپ
نۇسرەت ھىدلىرىغا قويۇپ بېشىنى
ئۆچەكنىڭ دەۋرىگە كىردى بۇ ئاسمان.
ئەنە
كۆك بۆرىلەر ئىز سالغان ئورمان
قۇشلار بەزمىسىنى كىيىپ بېشىغا
كۆك بىلەن سىردىشىپ
سۇرىدۇ دەۋران.
ئالتۇن رەڭ خورازنىڭ قۇۋناق چىللىشى
شەپەقنىڭ ئىلكىدە سەمرىپ بىتىپنىم
ئۇپۇقلار باغرىنى قىلىدۇ يەكسان.
تاغلاردا
باغلاردا

باياۋانلاردا
يېشىل چىملىقلاردا ھەم قوۋۇقلاردا
تۇغ - ئەلەم لەپىلدەپ قالدۇرغان سايە
كۆڭۈللۈك ئايەمدىن قالغان ئىبارە.

ئەجدىھا دەرەخنىڭ غازاڭلىرىدىن
يوللىدى چىلان رەڭ تۇپراققا سالام.
ئۆرلەپ ھەم تەرەپتىن ئوسما رەڭ جۇلا
پەلەكنىڭ تېنىگە بولۇپ قالدى ھەل
قېقىپ قان تامچىغان قاناتلىرىنى
بوشلۇقنىڭ باغرىدا ئەۋجىدى شامال
تۇمانلار شەھرىدە تۇتۇشتى ماكان
قانلاردىن يىلانلار تۆرىلىپ دەرھال.

ئابىدە
ئابىدە
غايىب ئابىدە
پەرىشان بولۇشقان سارغۇچ گۈل بەرگى
كارۋان ئىزى ئۆچكەن دالانى بويلاپ
ئېيتقىنا
ئۇن - تىنسىز بارار قاياققا؟
بۇ يوللار خىزىرمۇ ماڭمىغان يوللار
تەڭرى ئوك كۆزىنى سالمىغان يوللار
يوق شۇڭا ھېچقانداق خىسلەتلىك بەلگە
شەيتانلار پۇتىغا باغلىشىپ پىچاق
نوھ كېمىسىنىڭ ئىزنالىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەسسەپ
ئەيلىشىدۇ زەررىلەرسىمان
ھەم يولنى ياسىشار كوھىقاپ تامان.

ئۇلىغا تىك تۇرغان شۇ ئابىدىنىڭ
دۆۋلەپ سەھەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى
كەتتىم مەن ھېچقاچان كۆرمىگەن جايغا،
تۇساتتىن ئۇچرىدى، ئەنە
تاش ئورمان
ئۇندا بىر كەپە بار مەزمۇت ھەم ئامان
ئورمانچى ئولتۇرۇپ كۈلۈك ئالدىدا
تىلەر ئاۋازىنى ئۆتمۈشتىن ھامان.
ئەنە
قونۇۋاپتۇ تاش ئەترگۈلگە
ھۇۋلاشتى ئۇيۇغان كۈمۈش رەڭ مارجان.

3

ئۇخلىتىپ كۆزەتچى چىراغلىرىنى
سوزۇشۇپ بويىنىنى كۈل رەڭ رەستىلەر
تۆشەكىنىڭ ھىدىدىن بولۇپ كېتەر مەست
قىرلىق سايىلەرنىڭ قەۋەتلىرىدە
ئاپئاق قۇرت كەبى ئۆمىلەر چىشلار.
رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن دىسكو ناخشىسى
يۇمشاق پەنجىلەرنىڭ ئاستىدىن قاڭقىپ
قونىدۇ تاملارنىڭ دىۋارلىرىغا
كەيپ بولۇپ قاڭسىق قۇسۇقتىن
پۇتلار ئارىسىدىن ئۆتىدۇ ئىتلار.

سىرلىرى تۆكۈلگەن ئېگىز مۇناردىن
كۆچۈپ كەتتى يىراققا
تىترەپ - تىترەپ كۆپچىگەن بەدەن
ماشىنا ئۇنىنىڭ يېپىنچىسىدا
تولغىنىدۇ چاڭلانغان ناۋا.
بارماق ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياش
بولۇپ بۇ سەدپارە ئالەمگە قاداق
ياپراق سايىسىدە ياتىدۇ بىھوش
بىراق
كۆكنار ئىسلىرىنى يوپۇتۇپ ئاستا
ئۆي - ئۆيلەرگە توشۇيدۇ سىملار
تۈن شۆلگەيلىرى
سارغۇچ رەڭ داغلارنى قالدۇرار تاڭغا.
چىڭقالغان بەدەن
ئۇدۇلىدا بىر كۆزنىڭ
مىس رەڭگىنى قىلىدۇ ئايان.
مەنزىلگە چوكا مۇز قەغىزى
ماركىسىزلا بارىدۇ بۇ دەم.

«بوغدا» ماركىلىق پىۋا كۆپۈكى
رەيھان دانىسىنى ئېلىپ يۇزلەردىن
ئەرش تۇپرىقىغا تىكىدۇ بىر - بىر،
ھاۋا ئانىنىڭ ئېتىدىكى نۇر
باغچە ھاۋاسىدا ئايلىنىپ پىر - پىر
سىڭىپ كېتەر خۇش پۇراق بۇدۇر چاچلارغا.

بۇندا كۆرۈنمىگەچ قۇشلار پەرۋازى

چاتقال ئارىسىدا تۇرغان يالقۇننى
پىكاسسو سىزمىسىغا ئوخشىتىپ بىرسى،
قۇش دېگەن ماۋزۇدا چىقىپتۇ سىزىپ،
سىم - سىم يامغۇر ياغقاندا بەزەن
دەسسەپ تاشلارغا
ئۆتۈپ قالار قەدىمىي رىۋايەت
شۇندا نەم تۇپراقنىڭ ئىزگو پۇرىقى
كىرىۋالار بىر شائىرنىڭ ئۆيىگە
ئاقساپ - ئاقساپ
لېۋىنى چىشلەپ،
ھاۋاغا ئىبلىسنىڭ قاناتلىرىنى
پۈركىگەندە تۇرخۇنلار
خۇدانىڭ ئالدىدا يىغلايدۇ تۇپراق:
— خۇدا،
نېمە قوشقان ئىدىڭ ئادەم لېيىغا؟!
ۋاقىتنىڭ پايانسىز خارابىسىغا
قاسىراقلار تاشلىنار
چىرىپ ھەم توزار
شۇڭا
تەبەسسۇمنىڭ قۇيرۇقلىرىدا
لەپىلدەپ تۇرىدۇ ئاپئاق لېنتىلار
ئاپئاق ئاي نۇرىدەك نەي ساداسىدىن
خىيالچان بىر دۇنيا يېيىلدى ئاستا
ئۇندا ئۇيۇق تامان ئاققان بىر دەريا
دولقۇنلار شېھىتلەر قەبرىسى گويا.

1989 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سۇمۇرغ ناخشىسى

1

نەگە ئېلىپ كەتتى يوللار تايغان بېشىمنى،
توزان ئىچرە قالدى مىسكىن قوڭغۇراق ئۈنى.
پارە - پارە بۇلۇتلارنىڭ سوغۇق يېشىنى،
يوشۇرماقتا تۈندە ئۇچقان كۆزنىڭ سەلكىنى.

ئىزدەپ كونا چاڭگىسىنى كۆچتى يالقۇنلار،
مەلەمدىكى قورام تاشقا ئېيتىپ سىرىنى.
خوش، دەپ ئاستا تاغ كەينىگە كەتكەن ئورمانلار،
چۆشلىرىمگە ئەۋەتمەكتە ياپراقلىرىمنى.

خۇشبۇي ئەتىر قۇتىلاردىن سوزۇپ بوينىنى،
قارلىقلارغا تىكىلمەكتە زىيادە سۇمبات.
كەلكۈن سۈيى يىراقلارغا ئېپ كەتتى مېنى
ئاق قۇشقاچنىڭ ئىزلىرىنى ئەتكىنىمدە ياد.

2

كۆكسىمىزگە ئۇرۇپ قات - قات يېشىل دولقۇننى،
نېچۈن كۈندۈز يالقۇنىدا ئۆچتى يۇلتۇزلار؟
شەپەقلەرنىڭ دولقۇنىدا ئۇچار كىترپىكلەر،
كۆرسەتمەيدۇ قارچۇقىنى نېچۈن شوخ قىزلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاچ قىرغاقلار بىر - بىرىگە پۇلاڭلاتسا قول،
چاقنار گۆھەر بىھوش گۈگۈم ئېتەكلىرىدە.
بال ھەرىسى كەتكەنمىدۇ تۈنەشكە بۈگۈن،
شەبىستاننىڭ تىترەپ تۇرغان چىچەكلىرىدە؟

باغلار ئۇنتۇپ كەتتى نىكەم تاغلار خورىنى،
ياتار سەرراپ دولقۇنىدا چاك - چاك سىغىزلار.
كۆپكۆك نۇرنىڭ زۇمرەت ئىچرە قىلغان نازىنى،
پەس ئاۋازدا ماختىشىدۇ ئويماق ئېغىزلار.

3

ئەرۋاھىنى كۆرسەتمەيدۇ نېچۈن، نېمىشقا،
مېنى تىرەپ تۇرغان چەكسىز كۆلنىڭ دۆۋىسى؟
قايسى چاغدا قىلغان ئىكەن كۆزلەرنى ۋەتەن،
ئۇچقۇنلارنى كىيىپ تۇرغان ھايات سۆيگۈسى؟

توپان سۈيى پاكلىمىسا دۇنيانى ئەگەر،
يالتىرامدۇ ئىلاھ نۇرى ئىچىدە ئىمان!؟
كۆن كۆرمەكتە پاتقاقلارغا مىلىنىپ بۇ دەم،
قۇرت يېگەن يۈرەكلەردىن زىرىككەن ۋىجدان.

4

كومۇش تاغلار شاۋقۇن سېلىپ ئاققاندا دىلغا،
ئۇچقۇر روجەك جىلمايغانچە چاچار كۆلەڭگە.
كۆك قەرىدە ئارغامچىدەك سىلكىنگەن چاقماق،
ھارارەتلىك گەۋدىسىنى تاشلايدۇ يەرگە.

چاناقلارنىڭ بۇرجىكىدە ياتقان ئۇمىدلەر،
قاراسلىغان مۇز ئۇستىدە ياسايدۇ گۇلخان.
تۇمانلارغا سىڭگىنىدە زەيتۇنگۇل ھىدى،
ئېلىپ قاچار يۇلتۇزنى ئېگىزگە ئاسمان.

چۇشۇپ يامغۇر تامچىلىرى توختىماي ئۇدا،
تېشىلمەكتە تاش ھەيكەلنىڭ كۆل رەڭ ئالقىنى.
ئۇ دۇنيانىڭ يۇرىكىنى چېتىپ ھاياتقا،
يىلتىزلارغا يۇگۇرمەكتە ئۇمايىنىڭ قېنى.

5

خىيالىمدا بارخانلارنى يۇتكەن قۇيۇنلار،
يۇرۇپ كەتتى مېنى كۇتۇپ تۇرغان لەھەتكە.
بارماقلاردا لەپىلدىگەن پەرەڭ ياغلىقلار،
جىلۋىسىنى تاشلىماقتا تەرەپ - تەرەپكە.

ئۇنتۇلماقتا مانانلاردا خارابە شەھەر،
قىشلاقلارغا بارماقتىمەن ۋىسالىڭ ئىزدەپ.
ئاسفالت يول، تەنھا ساراي، ئاپئاق پىيالە،
ئىچەلمىدىم شارابىمنى قوللىرىم تىترەپ.

بولۇپ گويا باياۋاننىڭ قوۋناق يۇلتۇزى،
سۇمۇرمەكتە ئاي نۇرىنى خىيابان تاشلار.
شىۋاقلارنىڭ ھىدلىرىدىن بولۇپ قەلبىم مەست،
ياستۇقۇمغا تېمىپ كەتتى كۆزۈمدىن ياشلار.

www.uyghurkitap.com

6

مەن ياناقتا تەنھالىقتا ئۆتكۆزگەن تۈنلەر،
سىيرىلەمدۇ جىنىم ئانا، قولۇڭدا تەسۋى؟
ئىبادەتتە كۆزلىرىڭگە بېغىشلامدۇ نۇر،
داۋانلاردىن ئېشىپ بارغان بالاڭنىڭ رىشتى؟

ئاپئاق كۆڭلەك جىلۋىسىنى كۆرەرسەن چوقۇم،
يىغلارسەنمۇ ئاڭلانغاندا نەۋرەڭنىڭ ئۈنى؟
سېغىنىشلىق سالامىمغا قوشۇپ ھەر قېتىم،
كونۋېرتلارغا قاچىلايمەن رەيھان ھىدىنى.

بەخت ئۈچۈن دۇئا قىلغىن، ئەيلەپ ئىلتىجا،
باغرىمىزنى تىلغىمىسۇن بىھۇدە ئويلار.
ئۇلۇغ خۇدا تەلىپىڭنى قىلىدۇ بەجا،
سىمىز بولسۇن ماڭا ئاتاپ بېقىلغان قويلار.

7

قۇملۇقلارغا ئېزىز نامىم يېزىلدى قاچان،
تاپالمىدىم شاماللاردىن سوراپ مەن ئۈنى.
قايسى تىلدا سۆزلىدىكىن سىرىنى توغراق،
چۈشەنمىدىم ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشىنى.

بۇلۇتلارنىڭ كۆرپىمىزگە كۆچكەن ئاق قۇلار،
تاشلاپ ماڭا پەرلىرىنى يوقالدى قايان؟
شۇنچە چەكسىز بۇ دۇنيانىڭ جىمجىتلىقىدا،
مېنىڭ نامىم ئاستا - ئاستا بولماقتا ئايان.

سۆزۆك سەھەر گىرۋىكىدە ئۆنگەن چوغلۇقنى،
كۆرەلمىدىم، ئەكەلسىمۇ ئۆزۈپ ئۆنى شام.
ئىككى ھايات چېگرىسىدا تۇرىمەن يالغۇز،
تونۇش زاۋال ئېتىكىنى ھۆللەيدۇ ناخشام.

8

شاۋقۇنۇڭنى ئىزدەپ كەلسەم قەترە يېشىڭدىن،
تولغاپ زىلۋا بەللىرىنى چايقالدى گۈللەر.
قاپتۇ خۇشبۇي ئاۋازىڭغا چۆمۈلگەن لىنتا،
ھەسەن - ھۈسەن جۇلاسىدا تىترەيدۇ لەۋلەر.

سېنى قۇچۇپ يىراقلاردا ئۇيناتقان قولۋاق،
كۆرۈنمەيدۇ جىمىرلىغان كۆلنىڭ يۈزىدە.
شەبنەم باسقان چىملىقتىكى تۇخۇم شاكىلى،
بۇ سەھەردە قىلىۋەتتى كۆڭلۈمنى زىدە.

غاپىللىقنىڭ دولقۇنىدا كەتكەن شۇ كېچە،
چۈش كۆرۈپسەن يۇمشاققىنا ئاينىڭ ئىلكىدە.
چاچلىرىڭنىڭ شامالLارغا تۆكۈلگەن مۇڭى،
قېتىپ قاپتۇ يۇلتۇزلارنىڭ چىم - چىم كۆزىدە.

9

كۆڭلۈم نۇرلار دەستىسىگە ئۇزاتقاندا قول،
ئالبومۇمدىن كۆتۈرۈلدى سېھىرلىك كېچە.
كۆنلۈك ئېلىپ مەھەللەڭگە ماڭغاندا ئۇدۇل،
مۆلدۈرلەيتتى گۈڭگا چىراغ تۇمان ئىچىدە.

پۈتۈن شەھەر بولغىنىدا قاراڭغۇ مۇنچا،
يالقۇنلىرىم يۈيۈنماقتا پاكلىنىپ ئاستا.
يالغۇزۇرمەن قىمىرلىماس بىرلا پەردىگە
دېرىزىلەر چەكچەيسىمۇ ماڭا ھەر ياقتا.

تۇغۇلدۇممەن، سەھەر بىلەن بولدۇم قوشكېزەك،
ئانام بولدى شۇندىن بېرى ماڭا شۇ كېچە.
كۆنلۈك تۇتۇپ قايتقىنىمدا مەلەمگە ئاستا،
مۆلدۈرلەيتتى يېشىل چىراغ تۇمان ئىچىدە.

10

كۆتۈۋېرىپ، كۆتۈشتىنمۇ زېرىكتىم زىنھار،
كېلەر ئىدى ئۆلۈملەرنىڭ بولسام ئېسىدە.
چارچاپ كەتتىم
سايىسىنى تاشلىسۇن ئاسمان،
ئويغاتماڭلار
ئۇخلاپ قالسام قىلىچ بىسىدە.

باغرىمىزنى ھايات ئۇچۇن ئېرىتكەن خۇدا،
ئوينىتماقتا ئەرۋاھىمنى دېڭىز بېتىدە.
ھايات ئىدىم، ھەمراھ ئىدىم سىلەرگە ئەسلى
ئۆلۈپ كەتتىم
تىكلەنگەندە ماڭا ئابىدە.

1990 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كۆڭۈل گەردىشى

1

كۆرۈنمەيدۇ پاچاقلانغان تاش ھەيكەلنىڭ كۆكرىكى،
لېكىن، ھەيكەل ئاشۇ تاپتا ئەمەس ھەرگىز يۈرەكسىز.
ئاخشام مەزمۇت تۇرار ئىدى سۇلغۇن ياپراق ئىچىدە،
نېمىشقىدۇ غايىب بوپتۇ يۈرەك قىسمى دېرەكسىز.

تاپالمىدىم ئىزدەپ ئۇنى قاناتلىقلار سېپىدىن،
(يۈرەك قۇشقا ئوخشىمايدۇ، قاناتسىزمۇ ئۇچىدۇ)
روھ پەرۋازى خىيالدەك كەڭ بىر ئالەمنى قۇچىدۇ
يۈرەك قۇشقا ئوخشىمايدۇ، قاناتسىزمۇ ئۇچىدۇ.

يۈرەك ۋاقىت بوشلۇقىنى يىرتالماستىن ئاۋارە،
چاقچاق قىلىپ، يۈرەكلەرنى قاتۇرمىغىن تاش قىلىپ.
ھەيكەللەرنىڭ خۇداسىنى ھەيكەل قىلىپ قاتۇرساڭ،
مۇسىي چوقۇم جازالايدۇ ھۈنىرىڭنى پاش قىلىپ.

2

تېخى ئۆچۈپ كەتمەپتىغۇ شامال ھىدى لېۋىڭدىن،
ئايىغىڭدا پارقىرايدۇ مۇھەببەتنىڭ قىياسى.
تىنىقىڭدىن پاكلانماقتا ئېسىمدىكى غازاڭلار،
ئەسلىمەمنى كۆيدۈرمەكتە غازاڭلارنىڭ جۇلاسى.

جىنلاقلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈملەرنى تىترىتىپ
بىخسىق قاننىڭ دولقۇنىغا قۇياش پاتتى قانسىراپ.
لېۋىنىڭ ماڭا بەردى نېچۈن ئاشۇ تىنجىق گۈگۈمنى،
ئەنە جىمجىت پېشايۋانغا بىر قۇش قوندى ھالسىراپ.

بىخلانماقتا تاش ئاستىدا قالغان ئاپئاق ئاي نۇرى،
سەن دەسسىگەن تاش ئۈستىگە شەپەق قوندى ھالسىراپ.
قاياقتىدۇ كۆللەر توزۇپ يېپىلغاندا دالاغا،
ئاي نۇرىنىڭ چېچەكلىرى جىلۇلىنەر يالتىراپ.

3

يېتىم بوۋاق ئويناپ يۈرەر يورۇق، ئاپئاق سارايدا،
ئالقىنىدىن يېشىل مەرمەر غايىب بولدى قاياقتا؟
سۈسۈن رەڭلىك باغ ئىچىدە قۇشلار بەزمە قۇرغان چاغ،
بوسۇغىدىن چىقىپ بوۋاق يىقىلىدى بولاقتا.

شوخ ئاۋازدا چايقىلىدۇ مەرمەر ھۆسنى بولاقتا،
جىمجىتلىقتا ئايلىنىدۇ كۆلەڭگىلەر يىرتىلىپ.
توۋلار ئانا يېشىللىقنىڭ قۇچىقىدا يىراقتا،
كەتتى بوۋاق يېشىل شولا قاينىمىغا ئىنتىلىپ.

4

مۇزلىماقتا ئوتتا كۆيگەن ئاپتاپپەرەس نالىسى،
ياش تۆكمەكتە كۇلۇڭ ئىچرە قۇياش پېتىپ پاتقاقتا.
يوللار تامچىپ خىيالىمغا داتلاشتۇرار چۈشۈمنى،
ئېچىلماقتا تىنىقلارنىڭ دەرۋازىسى چاقچاقتا.

تۈندەك قارا سۇ قىنىدا ئۇخلاپ قالدى چاقماقلار،
قۇرلار شۇڭغۇپ يۇلتۇزلارغا بىلدۇرمەكتە ئېھتىرام.
چىرىپ كەتكەن بىلەكلىرىم قىلار سېنى ئىشارە،
ئارىمىزدا كېسەكلىرى چېچەكلىگەن يېشىل تام.

5

تىرىكلىكتە زەئىپ جىسمىم يالماپ يۇتتى روھىمنى،
چىغ قويىنىنى غىلاپ قىلىپ، ياتتى نۇرنىڭ يىڭنىسى.
ئۆلگىنىمدە جىسمىم ئېرىپ كەتتى روھىم مەۋجىدىن،
سۆڭىكىمدىن تېپىلماقتا ئەزرائىلنىڭ چانىسى.

ئۇچار قەبرە قانىتىدىن ياڭرار سائەت ساداسى،
چاقنار ئۇيقۇ ياپرىقىدا كۆيۈپ پۈتكەن نامىلەر.
تۆكۈلمەكتە سارغۇچ شامال قۇچىقىدا ئېسىمگە،
تىترەپ تۇرغان غەم ئانارى لېۋىدىكى دانىلەر.

سەرسان قۇشلار سايىسىدىن تاپتىم ئېزىز سايىۋەن،
چىقالمىدىم تىنىپ قالغان ھەسرىتىدىن بۇلۇتنىڭ.
قاراپ باقسام، ئاۋاق ئۆلۈم بولۇپ قاپتۇ ئىككىقات،
بىر تۇخۇم بار قانىتىدا بەزگەك چىراي ئۇپۇقنىڭ.

6

تەبەسسۇمۇمنىڭ سېھرى ماڭا گۈلى نەركەس كۆرۈندى،
تىنىقلىرىم قاردەك لەيلەپ، ئىزدەر ئۇنى زاۋالدىن.
مۇھەببىتىنىڭ كەرەشمىسى زىلال سۇدا يۇيۇندى،
تۈنلەر ئىچرە بىدار بولۇپ تېرىۋالدىم شامالدىن.

دېرىزەمدىن غايىپ بولدى شەجەرىسى تۇمانىنىڭ،
قاقشال بولۇپ قالدى ئاسمان توزۇپ يۇلتۇز گۈللىرى،
بىر قۇش بولۇپ ئۇچتى چۈشۈم ئەينىكىدە تۇرغان تاش،
پەرۋازىدىن كېسىلمەكتە مويتۆكزىنىڭ يوللىرى.

تەبەسسۇمۇڭ چۆكتى تەقدىر دولقۇنلىرى ئاستىغا،
خىيالىمدا بۇژغۇنلارنىڭ كۆلكەڭ مىسلى جۇلاسى.
نەملەپ ئۆتتى زەررەڭ ئاينىڭ كىرپىكىنى بىر ناخشا،
نەملەندى ھەم بۇ ھاياتنىڭ زېرىكىشلىك ساماسى.

7

دېرىزەمنىڭ كۆزنىكىدىن كىردى دات رەڭ يوپۇرماق،
تولۇپ خانەم مۇردا بىلەن بولدى جىمجىت قەبرىستان.
تاشلاپ كۆيۈك چاتقاللارنى كەتتى ئاسمان يىراقلاپ،
ئۆگزەم ئۆزرە غاراسلىتىپ يۇگۇرمەكتە بىر ئىنسان.

سۇرەنلەردىن كۆيگەن قۇشلار يىقىلماقتا ئۆگزەمگە،
سورۇلماقتا كەڭ ھاۋانىڭ بوغۇزلانغان يوللىرى.
خالتىلاردا پەيلەر تىترەپ چۈشەر جىمجىت ئورمانىنى،
شۇڭغۇماقتا ئورمانلارغا دىيانەتنىڭ چۆللىرى.

8

سايدا سوۋۇپ ياتتى نۇرغۇن بەندىلەرنىڭ مۇشتۇمى
ئەپسانىگە ئايلانماقتا كۈندۈزلەرنىڭ دولقۇنى.
ئوچۇمۇمدا قالغان پەقەت كىشنەشلىرى ئاتلارنىڭ
لىپىلدايدۇ قېرى غازات ئىلاھىنىڭ ھەلقۇمى.

ئالقىنىمغا تىلىم تېگىپ، مەڭگۈ - مەڭگۈ لال بولدى
تىترەتمىدى قورغانلارنى قەسىدەمنىڭ ئالۋۇنى.
ئاسمان، ئاسمان قىسمىتىمنى سىغدۇرالمايدۇ سۆكۈلدى،
غايىب ئاتنىڭ كىشنەشلىرى بولدى ماڭا قالغىنى.

مۇزېيلارنى بېيىتماقتا ئاپتاپلارنىڭ سۈرىتى،
جىرادىكى كەسلەنچۈكلەر سۈرەتلەرگە مەھلىيا.
پېچەتلەنگەن ئىشىكلەرنى چېكىپ ئۆتتى بەك ئاستا،
قىرولارنىڭ ئېزىقىدىن قېچىپ چىققان نۇر - زىيا.

9

بەلكىم سېنىڭ ئارسىزلىقىڭ رېلىس بولۇپ يېيىلدى،
قالدى شېھىت مازارلىرى تۇتۇنلەرگە قاقلىنىپ.
يىراقتىكى ئۇپۇقلارمۇ كەلدى ئاستا دېۋەيلەپ،
سۇزۇك تۇرغان يوچۇن بەستى يانتاق بىلەن پاتلىنىپ.

شەھەردىكى بىنالارنىڭ رەڭگى ئاپئاق زىيادە،
ھىلال ئايمۇ ئۇچار بەزەن مۇنارلارنى ئارىلاپ.
بۇلۇڭلاردا كۆزلەر ئېرىپ تامچىغاندا تىنۇشسىز،
كۆرۈۋالار رەستىلەرنىڭ چىراغلىرى مارىلاپ.

10

يۈرەكلەرنىڭ بازارىدا يۈرەك تولا نېمانچە،
بىراق ئۆزۈم بېرەلمىدىم يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ.
يۈرەك شەيتان بەزمىسىدە ئاپقۇرلارغا چىللاندى،
نېمىشقىدۇ كېتەلمىدى شەيتانلارنى ئازدۇرۇپ.

ئاخشام سالغان ئىسرىقىمدا شەيتانلارنىڭ جەسىتىنى،
يۇرەك مېنى تاشلاپ
ئەپسۇس
جەسەتلەرگە يېپىشتى.
يۇرەك ماڭا ئەزرائىلدۇر
شەيتانلارغا مەسىها،
بىلەلمىدىم
بۇلار ئەسلى قايسى چاغدا تېپىشتى.

1990 - يىلى، ئۈرۈمچى

## جىمجىتلىقتا بېغىشلاپ

قارلارغا ئىز سالغان توپ - توپ قاغىلار،
ئېرىنچەك ئاخشامنىڭ پۇچەك ئورۇقى.
ئىبادەت مەۋجىدىن ئۈچمىدى تېخى،
بىر تەنھا يولتۇزنىڭ غۇۋا يورۇقى،

يوللارنىڭ بېشىدا بىر غىجىم رومال،
ئىزلاردىن بىر مېڭە پۈتمەكتە ئاستا.
رومالغا كەشتىلەپ قويۇلغان يوللار،
چۈشلەر مازغىپىدا ئۈچمەكتە ئاستا.

جىرالار ئاققىنا ئايدىڭغا خۇمار،
دەريالار ئۈزايدۇ ئايدىڭنى ئېلىپ.
بەگۋاش بىر شولىسى يوقالغان ئاينىڭ،
تۇرىدۇ توڭلىغان ئەۋرەزدە يېنىپ.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كېچىنىڭ تاجى

زۇۋانسىز ئېچىرقاش پەرىشتىسىنىڭ،
سۇسمان كۆلكىسى لەيلەتتى مېنى.
تاڭلارنىڭ لېۋىدىن تامچىلاپ ئاققان،
ئاسىيلىق شەرھىگە ئەۋەتتى مېنى.

ئېرىمەس قان قۇيما مۇزلار دولقۇنى،
بورگۈتنىڭ پەيلىگە بولدى قەبرىستان.
تاپار ئۆز تۇغمىنى، ھالاكىتىنى،
بۇ يەردىن تېپىلىپ ئۆتكەن ھەر ئىنسان.

قاتىللىق ئۆزۈمدىن قالغان رىۋايەت،
يوقىلىش باغرىمدا ھاياتتىن بىر ئۈن.
ئالقىنىم چاقماقلار تۇغۇلغان زېمىن،
چاقماقلار بەھرىدە يۈيۈنار بىر تۈن.

تۈنەيمەن روھلارنىڭ ئالتۇن شېخىدا،
تېنىمنى مەست قىلسا سۈررەڭ بىر ناۋا.
ساقايماس جاراھەت پاتقاقلىرىدىن،
چىقالماي تۆكۈلۈپ يىغلايدۇ ساما.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

## ئېتىقادسىز ئېتىقاد

ئاينىڭ قېنى ئاققان تۇتېم كوچىسى
باشلارنى چېتىشتۇرغان چۈشلەرنىڭ كۆكسى
ئىلاھلار چىرىغىنىڭ ئەگرى شولىسى
ئۆلگەن قۇشلار كۆزلىرىدە چىگىلىپ
يورۇتار يىقىلىشنىڭ تەۋرەشلىرىنى.

ھەي، سەن ياۋايىلىقنىڭ قالدۇق تۇۋرۇكى
لەھزە ياشاپ
خاتالاشقان شان - شەرەپ
پەرھىز پەسىللىرىنىڭ رامىزانىدا
قىلاي ئىپتىدا
بىر سۆيۈش بەر زەھەرگە چىلاپ.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مەن سېنىڭ روھىڭدا يۈيۈنغان قىرغاق

سەن بار يەرنى كۆرسەتسەم سەن يوق
مەيۈس نىگاھلاردا لاي بولۇپ جاھان
پۈتۈپ چىقار چەكسىزلىكنىڭ قاتىلى
بىر دەريا
باشلاپ بىر جىنايەتنى
ئۆچۈرەر دېڭىز شەھرىدىكى قۇشلارسىمان چىراغلارنى
قۇشلار ئىشقىۋاز قۇياش تامچىسى
ياندۇرۇپ قان ھالقىۋىدا
ئارمانلارنىڭ —
جان كۆلگە قوقاس يوشۇرغان خائىن ئاتەشلەرنى.
داتلاشقان زىنقلارنىڭ ئىللىپسسىمان دائىرىسىگە
سىغداپ كىرگۈزىدۇ
سۈيۈق سۇرىتىنى قۇياشنىڭ.

قاناتسىزمىكىن تۆكۈلگەن شۇ يوپۇرماقلار
يۇلالمىدى بىر قېتىم
دەملەر ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن سوزۇپ قول
تەقدىر ئالۋاستىسىنىڭ مۈڭگۈزسىمان چىچىدىن
تەگرى ھەسرىتىدىن باشلانغان بىر يول
قالدۇرۇپ مۇئەللەقتىن سادالار

ئىڭراش ئورمىنىدىن ئۆتتى ساداقتەك.

تاشلاپ كەتسەڭ،
توۋلاشلىرىم پىرقىرايدۇ شىۋى قەدرىدەك
ئالەملەرگە تېرىلغان ھۆجەيرىلىرىم
«0» دەك بۈيۈك نەزەرگاھىڭدا
بىر ئۇچۇم ھاۋانىڭ دولقۇنلىشىدا
جەۋلان قىلار ئەتىرگۈلىدەك.

جەسەتلەر جىمجىتلىقىدەك بىر توپ دەرەخ
كۆيگەن مۇنارلارنىڭ يېشىل شوئارى
قىرولار سوغۇقىدىن ئۆرلىگەن تىترەشلەر
ئۇچار كەرەشمىلەرنىڭ ئاتەشىدە
قايناپ ۋاراقلىغان تومۇزلار سارى.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

## مەڭگۈلۈك ئىستىلىستىكىسى

ئالەمنى بىر ئالغان سۈيۈق تەرجىمە،
داۋامىڭ باشلىنار ئۆلۈم قېشىدا.
ئاسمان بىخلىرىنى چىقارغان قانات،
يەلپۈنەر جاراڭلىق ئۈپۈق تېشىدا.

شاللاق تۈن ئاستىدا ئاقىدۇ بىر كۆي،
ئېقىنلار ئېقىنىنىڭ قەبرىنامىسى.
مەن باشلىق بىر بېلىق ئۈزىدۇ لەرزان —
تەقىپنىڭ يادلاشقان سوغۇق بالىسى.

ئەرۋاھلار يامغۇردا قالغان چۈچۈلە
ئېيتقىنا، ئېسىڭگە بولدى كىم خۇمار؟
سەن كۆيگەن ئوچاقنىڭ ئالدىدا شۇ تاپ،
بىر بوۋاق دېڭىزنى قۇچۇپ ئولتۇرار.

گاچىلىق ئىلكىدە يېتىلەر سايەم،
سايەمدە يۇلتۇزنىڭ جىمجىتلىقى بار.
كۆز يېشىم يانغىنىدىن ئېچىلغان چېچەك،
سۆزۈك بىر ئۈيقۇنىڭ شادلىقى يانار.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

# ئۆز بېشىنى ئۇنتۇغان شېئىر

كۈتۈپ ئۆز پەيتىنى شۇنچە ئاۋارە
چاچلار ئارىسىدا يۇلتۇزلارنىڭ تۇخۇمى
شورلۇق ئېغىزلارنىڭ تىترەشلىرىدە
رەزىللىك مېۋىسىنىڭ خۇشبۇي تۇغۇمى
بىر رەت كۈلدۈم، پەقەتلا بىر رەت
شۇ ۋىجىك كۈلكەمدىن ئىزدەپ نىسۋە
تولدى شۆلگەيلەرگە قۇملۇق ھەلقۇمى.
شامالىلار ئېلىپ كەتكەن مىياڭلاشلار
كوۋۇكلارغا
سىلىپ يەنە يوقالدى تىرناق ئىزىنى.

يوقلۇق گىردابلىرىدا
قەتلە قىلسام يوللار بەلگىسىنى
چاقلار سۈرئىتىمدە يەنە دوقال بار
تورلار مەھشەرىنىڭ ئارغامچىسى
پۇلاڭلىسا ئالدىمدا پات - پات
سەۋەنلىكنىڭ سالماق قەدەملىرىدىن
يەلپۈگۈچتەك يېيىلار دىشۋار
دىشۋار
دىشۋار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكلى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەي سەن ھاياتنىڭ ئاپقۇرسىمان بېشىشى
كۆكەرسە ئىدى دەيمەن
سەندىكى تۇگىمەس خېمىرتۇرۇچنى.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

# بەندىلىك خارابىسى

ئۆچۈردۈم
قاناتسىز تىنىقىدا دىلبەرنىڭ
ماڭا يېقىنلاپ كۆز يېشى قىلغان —
ياخشىلىقنىڭ بىباھا يۇلتۇزلىرىنى .
تۇغلار سادا بەردى رەڭدار ئۇن بىلەن
قىسقىنىدا مەست بولغان بوشلۇق
يەڭگىل - يەڭگىل ئالقانلىرىنى.

بىر تومۇر
تۇيغۇ ئوتلىرىغا چىلاپ بېشىمنى
كۆرسىتىدۇ ئەيسانىڭ
ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تامىقىنى
يۇلتۇز يىرتار ئالەملەرنىڭ قېپىنى —
غايىبلىقىدا يۇلتۇزلارنىڭ
ئالەم خارابىسىنىڭ جىمجىتلىقىدا
ئەزدەپ شادلىق قۇتۇبىنىڭ يۇلتۇزىنى
ھالسىرىدىم قۇچۇشىدا نىقابىمنىڭ
ھەي، سەن پەلەكنىڭ
ياۋاش، تىترەڭگۈ چېچەكلىرى
ھەي، سەن ئازغۇنلۇقنىڭ قىمارۋازلىرى

ئارىمىزدا
ئۆلۈملەرنىڭ سانسىز پەنجىسى.

قاسراقلىرىم ئۇچۇمىدا
كۆيەر يىلتىزسىز قۇياش بەرگىدىن
تۆكۈلۈپ قەسەمىيادنىڭ قايناق قېنىغا
ئۆزگىچە رەڭ ئالغان باغاق ھەم خەتلەر.

يارىلىشىنىڭ ئەپسانىسىنى
ئۇرسام تاشقا
قۇلاقنى گاس قىلدى ئەكس ساداسى
نېمىشقىدۇ ياسالدىم قايتا
ئۆلۈم گۈلخانىنىڭ تۇتۇنلىرىدىن.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## كۆيگەن دېڭىز

1

بىر ئىجادچان مېۋە بەرگەن ئەي، شېئىرنىڭ ئىلاھى
سالقىن كېچە سېنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھۇجەيرەڭ
مۇئەللىقىڭدە توختاپ قالغان قەترە يېشىم شۇ كۈندۇز
ياكى تاڭدا بەرگەن قەسەم يەڭگىل پەرۋاز ئەيلىگەن.
قارىغۇ بىرلەھزىسىدە پارە قىلدىم ئەينىكىمنى
نەسلى ئۆچكەن گۇل ئۇچقۇنى ئېزىپ قالدى كەڭلىكىمدە
زېمىن تۇسلىك قولۇڭ بىلەن قىلدىڭ ئىشارە ئوقۇ دەپ
ئىچىمدىكى ئېچىرقاشنىڭ نامى يۇتكەن شەكلىنى.
قانداق تىلسەن لۇغەتلەردىن يىقىلغاندا يۆلىگەن
بەردىڭ ناماز كەشتىلەنگەن ئىبلىسلىقىم ئەركىنى.

2

گۇڭگا تەبەسسۇمۇڭدا تارىنىڭ تۇيدۇرماي ئۇزۇلۇشى
چېچىلغاق باشلاشلارنىڭ ئاراچلىرىدا،
كۆپۈكلەرنىڭ چاقناپ ـ چاقناپ يېرىلىشى،
سۇنساڭ قولۇڭنى
چىنلىق شۇبھىسىگە ئايلىنىدۇ يالقۇنلارنىڭ قىيپاش گىرادۇسلىرى
بۇلۇتلار بەرباتلىقىدىن ئۇنگەن شامالىلارغا يۇزلىنىپ —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەقىلدەك تەن تىنچلىقىدا ئاقار چەكلىرىم
يوقىلار چىنلىق شۇبھىسىدىن تۇزۇلگەن پرىنسىپ.
دېڭىز بىلەن كۆك ئارىسىدا جىم بولۇشنى ئۇنتۇيدۇ جىملىق
كېچىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش بىلەن چاقىنغان.
ئەسلىرىم ئويناپ ئولتۇرىدۇ قاڭقىپ چىققان بۇژغۇن تاشلىرىنى

سۇنىڭ ناشۇدلۇق تېگىپ چاچراپ كەتكەن شۇ كۆزلىرىنى.
كۆرسەم ئىدى كۆز يېشىنى رەقىبسىز شۇ ئادەمنىڭ
ئاقسام مەنمۇ سەرخۇشتلۇقتا نام - نىشانسىز شۇنىڭدەك.
ئويناتساڭچۇ مۇزەپپەر سۇپۇرگەڭنى زەرتاللىق
قىرسىز دەرگاھلارنىڭ يۇمىلاق رەستىسىدە يۇرەي ئايلىنىپ.

3

كىم ئىكەن تاڭ ئارىمىزدىن گەپ - سۆزسىزلا يوقالغان
تۇگۇلمەكتە ئەسسىز تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر رەستە
ئېسىڭدىمۇ ساڭا چۇشكەن كۆلەڭگىسى جانلارنىڭ
ئۆچكەن پانۇس

ئەي يەردىكى بەربات بولغان سەييارە،
نۇرۇڭ قېنى

ئەگەشتىمۇ شۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا
رەسەتخانا ئەينىكىدە يەم بولدۇڭمۇ تومۇزغا؟
ئەڭ ئاداققى چاقىرىشلار ئۇچقۇنلىدى قار بولۇپ
چىقار ئەمدى چوغلۇقسىمان قەسىدەڭنى بوشلۇقتا
ئايەت ئېيىپ

شولىسىدا قايرىۋەتسۇن كىپەننى،
ئۆرتىنىشنىڭ كويى ئاقسۇن دەريا بولۇپ تاشلىقتا.

4

ماي قوڭغۇزى، قارغىش تېگىپ شۇنداق ئۇچار چوغ بولغانسەن
ئالۋاستى چۆچىكىدە ماڭا ئېيتىلغان كىچىككىنە تاش ئىدىڭ ئەس-
لى
كىرپىك بۇرۇقتۇملۇقىدا شەبنەم بولدى پېرىخۇن چۈشىدىكى
قوي مەرىشى
قورقۇش قەھرىتانىنىڭ زەھەرخەندە مېۋىسى
بولدۇم شۇڭا مۇگدىشىڭدە « يۇلتۇزغا تولۇپ يېرىلغان ئانار »
كۆتۈرۈپ گۈل تىكەنلىرى مېنى خېرىدار چاقىرىدۇ ساما يولىدا
ھۇۋلاش زۇمرىتىگە ئەۋەتتى مېنى مەڭگۈلۈك قولى
نۇسرەت جىلغىسىدا مەرسىيە شامىلى كېزەر، باقسام
ئاسانلىق تۇيۇقىدىن چىققان بىر ئۇچقۇنغا ئايلاندى پىراقلىرىم
چوقۇلاپ قۇت داغلىرىنى بولۇپ كەتتى ياپىلاق
ۋەسىيەت قوندىقىغا قونغان خوراز تۇمشۇقى
ئۇپۇق ئەينىكىدىن قېچىپ كەلگەن چىللاشلار
قانىتىنى باتىنىغا يۆتكىۋالغان قۇشلار سەن.

5

ماياك تۇماندا غايىب بولدى رەڭدار قولۋاقلىرىم
شەبىستان بارمىقىدىكى ئالتۇن گۈلنىڭ تۆكۈلگەن بەرگىدەك
سۇت شىرنىلىكىگە چۆكمەكتە ئاستا ئۆزەكلىرىم
تۇمانمۇ سەن، يالقۇنمۇسەن سۇ يۈزىدە تەرلەتكەن
قارچۇقۇمدا قولۇڭنىڭ خوشلاشقان دەمدىكى پۇلاڭلىشى
يۇتكەن مەرمەرلىرىڭ سۇ ئاستىدا بولدى سوراقلار. . .
بېلىق
سۇغا كىرىپ تىرىلگەن مىشەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىنتىلىش شوخلىرىنى ئېلىپ بارار موز دەۋرىنىڭ چېكىنىشىگە
ئەنە، دەھرى قوللىرىدىن چوشكەن ئاپقۇرلار
ئۇچقۇر مېھراب پەيزى بىلەن كۇتۇشلەرگە ئايلانسا
سوزۇلۇشنىڭ بىر چېكىتى يوللىرىمنى قوچىدۇ.
شونداق كويمەن، نوتىلىرىم توزۇپ كەتكەن گۇل رەڭلىك
تېكىستىمدۇر، شۇ قارايغان چايقىلىشى شارابنىڭ
ئۇپۇشلەرنىڭ تەختىگاھى يىقىلىدۇ، قوپىدۇ
نېمىشقىدۇ، سۇ لەھزىدە شېھىت ماڭا ئايلاندى.

6

ئوت يالمىدى مەن تۇغۇلغان ئۆينىڭ ئېسىنى
تۆكۈلدۇم سومۇرغ بايرىمىغا كۆك ئاسماننىڭ ئۇرۇقى بولۇپ.
ئۇركىستىر تەكلىرىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ چىققان تومۇزغىلار
قوندى ئوچاق ئالدىدا يىغلاۋاتقان چىڭقى چۇشنىڭ بېشىغا.
دىل تەكتىدە چېكىپ بىر پەس قىشنىڭ دەردلىك سۆزىنى
سەزمەيتىمەن گۇلدەستەڭنىڭ كېتىشىنى يىراقلاپ.
نەم سەھەرنىڭ يۇمرانلىقتا يانغان يىلىك كۆكسىگە
شالى ئېقىپ هارارەتنىڭ، باستى كەپسىز ئالۋۇنى
ئاتەش، ئاتەش

مەيدەك قىزىل سوقۇشنىڭ رەيھانى
يۇمشاق، جاھىل پۇرىقىڭدا رىتىملارنىڭ ئىمانى
كەل، دوستلىرىم ئوت ئىچىدىن سوزۇپ بېرەي قوڭغۇراق
چال خاراب مەپىسىدە، شەپەق يايسۇن ئىشتىياق.

7

خەنجەر غازاڭ تىلىپ ئۆتتى سەزگۇر هاۋانىڭ باغرىنى

ئۆيۈپ كەتكەن ۋەھىيلەرگە ئاقتىم مەنمۇ قان بويلاپ
چاقماق يوچۇن رەنجىش بەلكىم قىيىن ۋىسال دەملىرىدىكى
ئۆكسۈشلەر قالدى بۇلۇتنىڭ چوغىدا تەقدىر بىلەن تەڭ ئويناپ
كىملەر بىلسۇن تىكىلىشىمنى ياقىسىدىن قوچۇشلارنىڭ
تىكىلىشىم شاش بىر ئاتتەك غايىب بولۇر دۆڭلەردە
ئىيتقانلىرىم شۇنچە ئىتتىك قۇرۇپ كەتكەن ئەي، شەھەر
چىللاپ كەتتى سادالارمۇ ۋاقىت ئۆچكەن بىكەتكە.

8

كۆزنىڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى ئارا كۆيدى يېزىقلىرىم
يوقلۇق ئاسمىنى بولۇپ چىقتى قۇرۇپ چىققانلىرىم
سۇندۇم چاقناش ئىچىدە دۇنيا سىرتىغا قوللىرىمنى
ئىزىش بولدى يەنە ئىزلار ئىچىدە ئۇتقانلىرىم
لەۋلەر تىترەيدۇ، لەۋلەر — تۇغۇلۇۋاتقان روھ
شەبنەم ھەستىدىن تەملەنگەن تەر بولدى يۇتقانلىرىم
يۈرەك كېتەر چاغدا ئېيتالمىدى ئاخىرقى سۆزىنى
تۇۋرۇككە ئويۇلغان كېپىنەك بولدى سوكۇتتىن ئۇققانلىرىم
كېچە تاش بولۇپ قاتقان چاناق ئىسمىلىك پىلانتا
كۆيدى ساداق ئۇچۇن تىككەن قويۇق ئورمانلىرىم
گىياھلىرىڭ دەرگاھىڭدا چايقالغاندۇ ئەي، ئوغۇز
ئىزدەپ يامغۇر نەملىكىنى ئۇچۇرما بولدى جىرالىرىم
خاتا ئوقۇپ تاش دەۋرىگە پۇتۇلگەن بىر سەدىرىنى
تاتلىق تىكەن ئۇچلىرىدا چېچەكلىدى گۇناھلىرىم.

9

ياشار ۋاھىز ئىبادىتى زامان قۇرتىنىڭ زۇۋانىدا

يامرىماقتا قەسەم ئوتلىرى پەرھىزكارنىڭ تامانىدا
كىم بۇ يەردە قانات قاققان، ناخشىنىڭ جەۋھىرىگە سايە تاشلاپ
بىغۇبار تادۇ ئىچىدە تىڭشاۋاتسام ئۆزۈمنى
قارا، تاشنىڭ قاناتلىرى چاۋاكلار ئارا ئېرىپ يوقالغان
يېتىم ئەرۋاھنى ئەسلىتىدۇ مۇڭلۇق ئۇچقان ساي شاماللىرى
يىرتىلغان تارىخ ۋاراقلىرى، تۆكۈلگەن ۋەدە ياپراقلىرى
ئېيتىڭلار سىلەر ئۇچىسىلەر كىملەرنىڭ شادلىقى ئۇچۇن؟
قۇرۇق گەپنىڭ جىۋەك مۇشۇكلىرى، پانۇس قەغىزىدە
تىرناقنىڭ ئىزى
يورۇپ تۇرغان قانداق تەسىرات، نېمە قىلىسىلەر ئېلىپ ئۇنى؟
مېتېئورىتنىڭ يۇتكەن نۇرى بىلەن گىرىم قىلسا قىش ھارغىنلىقى.

قونار گۇل دەپ قەبرىستاننىڭ تىرىلگەن كېپىنەكلىرى
ئۆڭكۈر تاشلىرىغا سۇنسا ئۇرۇلۇپ —
پال ئۆيىنىڭ ئويۇقلىرىدىكى پارقىراق ئەينەكلەر
تۇنجى گۇلخان ئەلەڭگىسى بەردى ھارارەت.

10

دېڭىز تامام ئۇنتۇپ كەتتى ناخشىسىنى، ئېھتىمال،
ئىزدەپ ئۇنى يىراقلىدى قاردەك يارقىن دولقۇنلار.
ئەپسانىۋى بىر شەھەرنىڭ خىلۋىتىگە چۆكۈشەر،
چىملىق ئارا كۆيۈپ تۇرغان كۆزدەك ئالتۇن بېلىقلار.
سوراپ باققىن، شاۋقۇنلارغا ئىمەك سالغان كىم ئىكەن
قۇم باغرىدا تارلار چېكىپ، ئەسلەر غايىب نىكاھنى

بارماقلارنىڭ خىسلىتىدىن كۆيەر بۇلبۇل پەيلىرى
تەن ماگىمىسى لەيلەتمەكتە چۆكۈپ كەتكەن نىگاھنى
ساكىيامۇنى، روجەكلىرىڭ تاشلاپ كەتتى نېمىشقا
كۆرمەكتىسەن قەترە سۇنىڭ سىرغىشىدىن داغلارنى
داغلار سېنى بېشارەتنىڭ سايىسىگە چىللىدى
كۆرمەي قالدى ئاسىلىقىڭ چېچەك ئاچقان باغلارنى.
بىر زەررە نۇر ئىزھار قىلار دېڭىز ئارا مەۋجىڭنى
ۋەھىي پۈتكەن ۋاراقلىرىڭ يەلكەن بولدى ياشلارغا
قىرغاقتا بىز
روھىمىزغا يول ئالمىدۇق تېخىچە
پەرھىزلەرنى قويماقچىمىز بىراق، ئاشۇ قاشلارغا.

1991 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## چۇقان بەزمىسىدىن قايىتتى بىر دەريا

بۇ يەردە دەريانىڭ ئۆركەشلىرى
ئۆلگەنلەر نامىغا سۇنۇلغان قوللار،
بۇ يەردە دالانىڭ لۆمۈلدەشلىرى
پەلەككە يۈزلىنىپ، يىقىلغان يوللار.

بۇ يەردە كۆزنەكلەر بىر جاھاننەما
تەڭرى ھەم بەندىنىڭ مەيلىگە تۇتاش،
بۇ يەردە كوۋۇكلار پەرۋازنىڭ ئۆيى،
ھارغىن خىياللارنىڭ قويمىسىدۇر تاش.

قاقماستىن كۆللەرنىڭ توزانلىرىنى،
قورغان سايىسىدە يېتىپتۇ ناخشا.
دات باسقان مىشەكنىڭ غەيۇر ساداسى
خارابە كۆكىدە ئوينار كەڭتاشا.

خۇمار تۇتۇنىگە چۆمۈلگەن دالا،
ياتىدۇ تەقدىرنىڭ مەشئۇم تىگىدەك.
چىغىر يول گويا بىر قامچىنىڭ ئىزى،
دالا گۆدەكلىكىنىڭ بىھوش تىنىدەك.

سارغايغاز ئوتلاقنىڭ تىمتاس قوينىدىن،
ئاتلارنىڭ كىشنىشى كېلىدۇ ئۇچۇپ.
چىرىمەس جانلىرى، ئۇزىغانلارنىڭ
سەندەل ئۇستىدىكى قىزىل ئۇچقۇندەك
زېرىقنىڭ شېخىغا قونىدۇ ئوقچۇپ.

دەريا، سەن ئاقىسەن ئىزدەپ نېمىنى
يول بويى جىگەررەڭ زېرىق ئۇنچىسى
تۆكۈلەر نەرەڭگە ھىجران كۆيىدەك
شاۋقۇننىڭ ئۇزۇلمەس بىر ئەكس سادا
ئۇنتۇلغان شېھىتنىڭ سەركە ئۇنىدەك.

قارا، توقايلاردا ئۇششۇگەن ياپراق
تۆكۈلدى يۇلتۇزلار ئىسمىنى يادلاپ.
شاخلارنىڭ تىنىقلار ئارا جەۋلانى،
پەسىللەر دەۋرىنى تۇرىدۇ ئاقلاپ.

ئەي، ئورمان، توپانغا ھامىلدار ئانا
باغرىڭدا دەريالار ئاقىدۇ ئەگىپ.
چۇقان بەزمىسىدىن قايتتى بىر دەريا
بىلىقنىڭ جۇلالىق چۇشىدىن سەگىپ.

1991 - يىلى، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قارا بۇژغۇن

چاناقلىرىمدىن
خەيرلەشتى زامان قۇشلىرى
يېپىپ ئاۋاز رەستىسىنى قاناتلىرىدىن.
كېتىپ بارار سۇنىڭ يىلتىزى
خىيال تۇپرىقى قۇچقان زۇلمەكتە.

ئوتتا كۆيلەۋاتقان شامال
بەڭۋاش نۇر مەركىزىدىكى بىر دەھرىنىڭ دۇئاسى
ئۆرتىنىش دېگەن بۇ تەقدىرنىڭ ئىسمى
شامال ئەسلىرىدىكى دېڭىز چېچەكلىرىگە قوندى
شەبنەم بولۇپ.
قانات ئۇستۇرىسى
قىرقىپ تەلمۈرۈش دۆڭلىرىدىكى قاراقاتنىڭ
خۇنرەڭ مېۋىلىرىنى
جەھەننەم تۇڭلۇكلىرىدىن چۈشۈردى
كەبىرە گۇناھ ئەھلىنىڭ نېسىۋىسى قىلىپ.

قىرتاق تەم
مەيخانا تاملىرىدىكى شەھۋانە سۈرەت.

گىياھلار ياپرىقى
دەريا ھەققىدە چۆچەك
بىلىقلار ھەققىدە چۆچەك
ھەسەن - ھۈسەن، ناخشا، كۈنلۈك —
چىغىر يول ھەققىدە چۆچەك
شامال ئەسلىرى
تاملىرى غۇلىغان ئەسكى خەزىنە
قويدى يوقىتىپ
ئۆتمۈش دىگەن چىپار قانات ناۋا كەشىنى.

دەھرىنىڭ دۈئاسى شۈنداق مۈزىكا
قۇم تېكستلىرى
نوتا بۇرجەكلىرىدە ياسايدۇ دولقۇن
قۇرغاق تاڭنى مىنگەشتۈرگەن تۇۋىنامە
داملىتار سايە ئاتلىق ئىككىنچى ئۈسسۇلۇقىنى
شەھەر ئاسمىنىدا ئىغىر تۇماندەك.

تۇۋىنامە تۇلۇمدەك نەرسە
بەندىنىڭ يادنامىسى ئۇ، بۇ ئىنىق،
مىنىپ ئۆتسەڭ بولىدۇ،
ھايات دىگەن قارا دىڭىزدىن.
ئادەم تەگرىنىڭ ھىدىغا بۆلۈنگەن بوۋاق
چاڭقىساق قانىمىز دەۋر قىنىدىن
ئاڭلىساق
تەگرىمۇ چاڭقارمىش پات - پات

قانارمىش ئادەمنىڭ بوۋاقلىقىدىن،
دوزاخ ۋە جەننەتنىڭ قايناق جېكىدىن.

جەننەت
تۇلۇم قارنىدىكى تۇز جەۋھىرى
جەۋھەردە يېشىل بىر دەرەخ يىلتىزى
دەرەختە چاقنايدۇ ئارمان مېۋىسى
چىرىگەن تەنلەرنىڭ
جان دېگەن سەييارە يورۇق يۇلتۇزى.

ئەي، تۇز
تۇلۇمنىڭ ئىچىدە قالسۇن جەۋھىرىڭ
ئاۋاز رەستىسىدە زىلال ئېقىنىنىڭ
يىلتىزدەك كۆچ بىلەن ماڭسۇن تىۋىشىمىز.

ئۇچماقتا ھەممە
تىپتىنچ داشقالدۇر كۆرگەنلىرىمىز
تاش
يامغۇر تامچىسى
چاقماق
قىلىچ شەكىللىك ئوت چاڭگا
شامال ئايال كىيگەن كەرەشمە كۆڭلەك
بېشارەتنىڭ رەڭدار تۇغلىرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇنداق بىر زۇۋان
دەھرى ئۇيقۇسىدىن كۆكلىگەن تۇزۇشلىرى:
جەننەت قاچان يالىڭاچلايدۇ ئۆزىنى
موناختەك كىيىنگەن قىرى پاھىشە؟

1991 ـ يىلى، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېتىز

ئەزەلدىنلا ئۆز نېسىۋەمسەن
نازاكىتىنىڭ بىر تىلىكى
ئەينەكتىكى سۈزۈك جىمجىتلىقىنىڭ
ناشۇدلۇقتەك مازغىپىدا ئىزھارسەن
توۋلايسەن گېئومېتىرىك شەكلىڭ بىلەن
ساقىنىڭ مەڭگۈلۈكتەك ئىسمىنى
كۆيمەكتە
«ھە» دېگەن جاۋاب
ئۆرتەپ گاسلىقىنىڭ چېچەكلىرىنى.

ھەئە، جىمجىتلىقىنىڭ
غايىپلىقىنىڭ يوچۇن دېڭىزى
دىن يەلكەنلىرى
ئۇسسۇل ئوينار پۇشتەك كۈيگە.

شاراب، سەن شاراب
ئەزەلدىنلا ئۆز نېسىۋەمسەن
پەقەت ماڭىلا بىر خىلۋەتتە —
كۆپ سۈلكەتتە سۆزلەيسەن.

ئىچىمەن
گۈلخان ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى
يادلاپ تۇرۇپ ئىچىمدە.
مەست ئىتىزغا لەۋ ئالقانلىرىم
چاچتى باتىنىمنىڭ ئۇرۇقلىرىنى.
كىم شارابنى ئىتىز دەپ بىلگەن
ئىتىزدۇر شاراب.
سۇنار داتلاشقان ئىتىقادنىڭ چوماقلىرى
ئۇندۇرسەم تەڭرىنىڭ ئارخىپلىرىنى
ئاسىيلىق باغلىرىغا ئۇچۇپ چۈشكەن سەييارىلەر
ئوخشايسىلەر
ماغدۇرسىزلانغان مۇشتلارغا
پارقىراقلىقنىڭلار
ئايلىنار ئىتىزدىكى ياۋا چۆپلەرگە.

سەييارە ئىزى
ئاتەش تارلارنى
چىرتىپ، يورۇتالايدۇ قېنى كىم
گۇناھ كېسەكلىرىدىن پۈتكەن قارا قەلئەسىنى؟
قېنى كىم،
بەزمە ئەۋجىدىكى پەرىشتىنىڭ خۇش پۇراق تەرلىرى
بىلەن
يۇيۇپ پاكلىيالايدۇ كېسەكلىرىنى؟
قېنى، كىم
قىلالايدۇ ئىبادىتىنى
يېڭى بىر گىياھنىڭ يوپۇرمىقىدا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىنى، كىم. . . ؟
قان تېرىپ ئالالامسەن ئېتىزدىن قوياش
ئېتىز تومۇرىغا يوگورسە قېنىڭ
ئېتىز سەندەك يىغلارمۇ چوقۇم
يوقىتارمۇ ساپلىقىنى
ياش يۇلتۇزىنى قوچقان شۇ ئېتىز؟
قان لەھەتلىرىگە كۆمسەڭ ئېتىزلارنى
ئوت ئالارمۇ ياۋۇزلۇق ياغلىق قاپاقتەك
نېمىدەپ تۇۋلىشار ئادەملەر شۇ چاغ؟
ئۇنتۇلۇشنىڭ يىراق توقايلىقىدا تېنەپ يۈرگەن
قان كۆمۈۋەتكەن بىر زەررە نۇر
چاقىدۇ روھلارنى ئۇششۇك ھەرىدەك.

ياۋۇزلۇق
بىز تۇۋلىغان ئاخىرقى ناخشا
ئىبادەتخانا تاملىرىدا يۈرەر ئۆمىلەپ
ئاقارغان بىر دۇنياغا ھامىلدار چوقۇم
تاملارغا ئۇيۇغان قىپقىزىل قانلار.

شۇڭغۇپ كىردى ئېتىزغا
كىتاب جاڭگىلىنىڭ بىر كەسلەنچۈكى
باشلاپ كەلدى كۆيۈكنىڭ ھىدى
قوياش ئۆرلىشىدىن قالغان سادانى
ئاتەشپەرەس بىر سۇ تامچىسى
ئوينىتار ئۆزىدە قانىنىڭ رەڭگىنى.

شاراب
ئەزەلدىنلا ئۆز نېسىۋەمسەن
ئالىمەن رەسۇللۇق بۇرچۇمنى سەندىن
سېخىيسەن
جاۋابخور سۆيۈق ئېتىزسەن.
تېرىيمەن ساڭا بالىلىقىمنى
تېرىيمەن غۇبارسىز ساددىلىقىمنى
ياۋا گىياھنىڭ ياپراقلىرىدىن
پۈتىدۇ يېڭىچە مۇقەددەس كىتاب.

شەپەق بولۇپ تىرىلدى ئەنە
تاشلار جاۋغىيىدا ئۈيۈغان خىتاب
بوزرەڭ بولۇپ كەتتى كىچە تاملىرى
گىپنوز كۆزۈمنىڭ نوغۇچىسمان نۇرىدا
كۆيگەن تاشلار ھاكقا ئايلىنىپ.

شەپەق دولقۇنى
كۆزۈم بېلىقلىرىنى ئۈينىتىپ
ئاپىرار تورسىز
قارماقسىز بېلىقچىنىڭ ئالدىغا
قارا ھەر ئىككىمىز بېلىقچى
تۇغلار كۆكسىدە
باشقىچە ئوردېنلار قالىدۇ چاقناپ.

جىق نەرسە ئۇ بىر دېگەن
ياق

چەكسىزلىكتىن پەقەت بىرسى بار
ئىزدەيمىز
تىرىلىشنىڭ قۇتلۇق دەملىرىنى
ئىشىكنى ئاچ
قېنى ئۇ؟
كۆردۈق رەڭدار ئوتلارنى
كىيىم ئۇ بىراۋ قالدۇرۇپ كەتكەن
كىيىملەر يەنە
كۈن تىك بولغاندا.
تېرىيمەن
تېرىشنى.

1991 ـ يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## توزانلارغا ئايلانغان بىر سۆز

چاقىرماقتا بىر ۋەھىي
يىلىنجىغان شەبنەم ئىچىدە
خورسىنىقنىڭ پانقاقلىرى يىراقتىن
سۇمۇرمەكتە ئىسلىرىمنى ئۆزىگە.

تار ئۈزۈلگەن شۇ بىر دەقىقە
ئۇچۇپ كەتتى
ئەڭ ئاخىرقى يۈركەنجىسى ھىجراننىڭ
چىراغ ئاستىدىكى سارغۇچ مۆھلەتنى
كىيىپ ئۇچىشغا زاماننىڭ ھۆسنى
مۇزلىغان رەستىمدىن ئۆتتى يەم بىلەن
رىتىملار
تەڭرىنىڭ جىسمىدىن ساقىغان قەترە
قەترىلەرنىڭ ھالرەڭ ئۆچۈشى
كۆرسىتەر شاماننىڭ ئۆيىدىن قاچقان
بىر تۇتام ئوتتىكى مۇزنىڭ قەلبىنى.

مۇز ھەيكەل
ئىرىش ناۋاسىغا چالدى نىيىمنى
يان - يىنىدا ئىشكىلەرنىڭ
يۇمشاق بىر ئىمادىن پۈتكەن كىرئالغۇ

يۈدى مۇھەببەتنىڭ كىرلىكلىرىنى:

پاتقاق
ھارامنىڭ قېنىدىن پۈتكەن ئەي قەلئە
قاندىمۇ خۇمارىڭ ئىسسىمدىن مېنىڭ؟
ئۆزىنى پارچىلاپ كۆللى جاھانغا
يوقالدى بىر جۇلا باغرىڭدا سېنىڭ.

توزاڭلارغا ئايلانغان بىر سۆز
تىندۇرار سەنئەتنىڭ قەبرىستانىنى
ھىلال ئاينىڭ يېپيېشقاق نۇرى
يىلتىز تارتىپ ئايلىنىشنىڭ يېشىغا
ئېچىلدى ياقۇت رەڭ يىغلاڭغۇ چېچەك.

ئوخشاش بىر گەپ
ئۇزۇلۇش، چىگىلىش، توزۇش دېگەنلەر
قۇياشنى مەن ئۇنتۇشتىن بۇرۇن
قۇياش مېنى تەرك ئەتتى بازاردىن
يېگەن بولاي بىر تال گۇرۇچنى
گۇرۇچمۇ مېنى ھەم ئەيلىدى ئوزۇق.

چېچەك...
سەن نۇرغۇن كۇندۇزنىڭ لېۋىگە سۇرۇخ
مۇزلىغان شورلۇق بىرتەبەسسۇم چېچەك.
ئادەم
سەن رەسسام



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تېنىڭگە كۆچۈرگەن ئۈنى سەن قاچان
بەرگىدە قانلىرىڭ ئاقىدۇ ھامان.

1991 ـيىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كەل، مەن بۇ يەردە

سەن ئۇچۇن ئۆتتۇم مەن قومۇش كۆزىدىن
قانىتىڭ ئاستىدا قىل مېنى ھىمات.
ئۆتكەندە لاۋۇلداپ زەررەڭ يالقۇنۇم،
تىرىلىش گىردابى تاپىدۇ نىجات.

كۆشكىڭ يوقالسا ئۆزىنى ئۇنتۇپ،
ئاۋازىم يول باشلار قۇشۇڭ شەكلىدە.
قېنىم بىر ساماغا ئاقىدۇ ئۇنسىز،
ئۇيقۇچان مۇشۇكتەك ئۇقۇم تەكتىدە.

كېچىگە تىقىلغان كۆزنىڭ رەڭگىدىن
كۆرۈنەر ئەزرائىل قۇرغان ئايروپورت.
چېچىلىپ ئۇرغاندا مەستلىكىمگە باش،
قىبلىگە تۇتىشىپ يالقۇنجايدۇ ئوت.

تاشلارنىڭ ئۇنىدىن سىقىلغان دەڭدە،
خوشلاشقان سايەمدىن ياسىلار شامدان.
بۇزغۇنلار لەرزىگە چىگەر قوڭغۇراق،
ئاھ، تۇنجى ئەھدىدە تۇغۇلغان كارۋان.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

# كېچە ئەينىكى

شۇ كېچە مەن ئۇچۇن ئاپئاق بىر بولۇت،
يامغۇرى يولۇمدا كۆرۈنەر چاقناپ.
ئىستىلا لېۋىگە كېتمەن سىڭىپ،
ئۆرتەنگەن نەرگىسنىڭ گۈلىدەك ياشناپ.

بەختىنىڭ «ئەجەم» دەك يىغلاڭغۇ كۆزى،
كەتتىكىن ئىزىمنى قەيەرگە باشلاپ.
ياتلاشقان ھۇۋلىشىم بولۇپ قارچۇغا،
قويۇپتۇ كۆل رەڭ بىر سەھەرگە تاشلاپ.

ھاۋانىڭ شىرنىسى تۆكسۇن مەن تامان،
كەپتىرىم
كۆكتىكى پىنھان سىرىڭنى.
ئالەمنىڭ مەھشىرى بىلسۇن بىر لىباس،
تۇماننىڭ چۇشىدە كۆرسەت قېنىڭنى.

يەنىمۇ ئەۋجىسۇن دېڭىزىم رەققاس،
قىيانى شىۋىرلاپ ئۇزات سەلكىنىم.
سىڭىشكەن تۇز كەبى ئۇنتۇلار بارى،
ئاختۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزسە يەلكىنىم.

كەپتىرىم

بۇ كېچە بەرگىن ئاق بۇلۇت
جۇدالىق ئوتىغا ئۈندۈرەي ئانار.
گۈگۈمنىڭ مەستۇرە شەبنىمى ئۈچۈن،
يېزىقىم چۆل ئارا ئەيلىسۇن شىكار.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# بۈگۈنگە يېقىن

ئالدىمدا سۈزۈلۈپ بارماقتا ئاسمان،
ئۈلۈكنىڭ ئاداققى قىمىرلىشىدەك.
جىمجىتلىق رەيھىنى چاچىدۇ ئەتىر،
باھارنى چۈشىگەن ئاينىڭ قىشىدەك.

پاتمىدى شۈنچە زىچ سۈچۈلغان نىدا،
قېشىدا سۇ يالاپ ئۆتكەن شېغىلنىڭ.
قەقنۇس سايىسى ئۆتتى لەپىلدەپ،
ئەرشتەك پايانسىز كەينىدە تىلنىڭ.

ئۈيقۇنىڭ قولۋىقى چىرىگەن كۆلدە،
يۇلتۇزلار چېچىكى بېرىشەر نېمە؟
غازاڭلار
زامانىنىڭ زىنىقى بولمىش،
قارا سۇ بېتىدىن سۈزۈشەر نېمە؟

كەتكىنىم ئېسىمدىن چىقتىكىن قاچان؟
زۆھەلنى ياقىلاپ بارىمەن يەنە.
ئىسرىقىم تۈتۈنى يۆگىشىپ ماڭا،
ھېكمىتىم ۋەسلىگە بولىدۇ سەمە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىللايدۇ باغرىغا پەسىللىرىنى،
ئۆرۈلگەن قەدەھنىڭ ئىلكىدە ئاسمان.
تۆكۈلگەن شارابىنىڭ ساقىغان ئىزى،
تومۇرغا ئايلاندى بوشلۇقتا شۇئان.

ھاياتتا سەزگىنىم پەقەت بىر نەپەس،
نەپەستە ئالىمنىڭ خوش پۇراق ھىدى.
قايتىشىم قايتىشقا ئوخشىماس بەلكىم،
ئۆچۈپتۇ قوغلانغان بەندىنىڭ ئىزى.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

## قايىم بۇلاق

ئالتۇنلار كۈيىدىن تامچىغان بۇلاق،
ئېقىشىڭ تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە تىمسال.
زاھىدلار سۈيۈڭدە ئۆتتى پاكلىنىپ،
ھۆسنۈڭدە شىۋىرلاش كۆرۈنەر غىل - پال.

خىلۋەتتە ئەكسىڭنى سىزىپ پەلەككە،
چالىسەن ئايدىڭنىڭ قوڭغۇرىقىنى.
سەن توقاي باغرىدا كەزگەن پەرىشتە،
پەرلىرىڭ كۆزۈمدە
يايغىنىنا قېنى.

ئايان قىل سىرىڭنىڭ بۇرچىنى بىردەم،
يىللارنىڭ ھالقىسى كۆرۈنسۇن چاقناپ.
يامغۇرنىڭ روھىدا قاتاي مۇز بولۇپ،
ئېلىشسۇن تىلسىملار رىتمى يادلاپ.

لەھزىلەر
كىرىچى تارتىلغان ئوقيا
ئوخچۇسام تەكتىڭگە ئولتۇرار سايەم.

سەن بىلەن ئاقىمەن جىلغىلار تامان،
شەكىللەر گۈلىگە كىيتىمەن بىغەم.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

## قايتىش

ئۆچمەكتە قەدىمىي كۆۋرۈك ئاستىدا،
ئالماستەك كۆرۈنگەن شەھەر شاۋقۇنى.
زىلزىلە قالدۇردى گۇگۇم تەختىگە،
سۆيگۈنىڭ يالتىراپ كۆيگەن ئاققۇنى.

تىپتىنچ سۇلاردىن كۆرسىتىپ ئاتەش،
لەۋلەردە يېلىنجار ئۆپۈكىنىڭ ئىزى.
شامالنىڭ خۇيىغا ئايلىنىپ تاڭدا،
چېكىدۇ ئىشكنى ئاللاقچى سۆزى.

گۈلخاندەك كۆرۈنسە كەكلىكنىڭ ئۈنى،
ئانامغا خوش دېمەي كەتتىم مەن يىراق.
ئالدىمدا بىر دەريا
ئورمانغا تۇتاش،
ساھىلدا ئوقيالار تۇرۇپتۇ سانجاق.

سىمابتەك قەلبىمدە ئويغىتىپ غەليان،
دالادا نىشانسىز چاپىدۇ قۇيۇن.
دېمەكتە پەلەككە سورۇلۇپ تۇپراق:
ئوت قاننىڭ جىسمىدىن تۇغۇلغان بورۇن.

ئۆپۆقلار چېھرىنى سۈزۈلدۈر، ئەزان،
قاننىڭ تۇغۇمىنى كۆرەي كۈندۈزدە.
راكېتا مۇنارى كۆرۈندى غىل - پال،
يۇلغۇنلار شاخلىرى تەۋرىگەن كۆزدە.

تۇرىمەن سۈكۈتتە چىلىنىپ قانغا،
يول يولنى بوغۇزلاپ ياتقان ئۆتەڭدە.
ئېدىرلار شۇناپتا سەرخۇش بىر دېڭىز،
چايقالسا كۆرۈنەر زەيتۇن رەڭگىدە.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۈز قەسىدىسى

1

باشقىچە كۆيلەيدۇ ئالتۇن مەپىسى،
شاخلاردا تۈنىگەن قانداق بىر ئانار؟
كېلىپلا يوقالدى سىياھ پەنجىسى،
پەنجىلەر كۆكىدىن يوپۇرماق ياغار.
تۇغۇلدۇم خىيابان قۇشىنىڭ رەڭگىدە،
شاخلارنىڭ ئەۋجىدىن يۈكسىلەر ئاسمان.
چۆكۈپ يەر يوپۇرماق قايىنمى ئىچرە،
قۇترىغان ئوت كەبى ئۆزىدۇ ھەريان.

بىلسەڭلار باغلاردىن باشلىنار يولۇم،
قېنىمغا ئىبادەت ئەيلىدىم ھەريان.
يوقالغان چاقماقنىڭ ئېغىر تېشىدا،
ئاھ! مېنىڭ جىملىقىم قىلىپتۇ جەۋلان.
توزۇتسام ئۆيۈمنىڭ كېسەكلىرىنى،
ئۆيلىرىم ئىزدىدى
تۇرۇشتى يوقلاپ.
ئېسىمدە، «خوش» دېدىم ئاداققى بىر رەت،
يەنىلا شۇ يەرگە كەلدىم دۇدۇقلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

2

ھەي، قىنىم تەرتىپلىك قۇشلار سەپىرى،
قانىتىڭ مەۋجىدە يالتىرار ساباھ.
چاقىنسا دېڭىزنىڭ قولىدا سەدەپ،
قىلدىڭمۇ ئۇنى سەن تەۋرەڭگۈ نىشان.
كۆرۈنۈپ كۆزۈڭگە شۇنچە دىلرابا؟

سەدەپ!
تۇز ئارا چايقىلىپ سۈزۈلگەن ئالقان.
قەيەرگە كۆچتىكىن بەزمىسى كۈزنىڭ،
ئاقىرىپ كۆرۈنەر شۇ تاپتا جاھان.
ئاق!
ھاۋارەڭ يامرىغان بابىل مۇنارى.
ئاقنىڭ قىيامىغا چىقتىم يامىشىپ،
تەجەللى بولماقتا سۆيگۈم تۇمارى.

نېمە دەيمەن جەۋھەر رەڭگىنى؟
نېمە دەيمەن سەدەپ رەڭگىنى؟
نېمە دەيمەن تۇزنىڭ رەڭگىنى؟
ئاق؟
نېمە دەيمەن ئاقنىڭ رەڭگىنى؟

دېڭىزدا خاراموش ئۈزگەن ئاق يەلكەن
يىراققا ئەپكەتتى تۇزنىڭ رەڭگىنى.
ساھىلدىن كۆرۈنگەن ئاتەش ئۇپۇك،

ئاق قىلىپ تاۋلىدى تەنىنىڭ بەرگىنى.

3

نۇرلارنى سۇمۇرگەن يامبۇنىڭ چەرخى،
ئۆچمەكتە تۇندىكى تۈينىڭ ئەۋجىدە.
كۆي ئۆرلەپ بىر يۇتۇم تۇزنىڭ تەپتىدىن،
ئوتلارغا سىڭمەكتە زېمىندا زېدە.
تەقدىرنىڭ تىترەڭگۈ تارىنى بويلاپ،
تۇزلارنىڭ قۇيۇنى بارىدۇ ئاققا.
ئاي نۇرى قىراۋغا ئايلىنىپ تاڭدا،
چېچەكنى چىللايدۇ يېپىشىپ شاخقا.

ئەي، دەرەخ پەسىللەر دەۋرىگەن دەمدە،
بىر ئوچۇم ئاق تۇزنى سورۇدۇڭ كۆككە.
قاناتلار پەرۋازى تۇزلار ھىدىدىن،
يېتىدۇ كۈچلىنىپ ساماۋى چەككە.

قېنى، تۇز ئايان قىل ئەرشىڭ پايانى،
رىشتىنىڭ نېگىزى باشلايدۇ قايان؟
لەززەتنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان قاق چۈشى،
ۋەزنىمنى كۆرسىتەر ئاچچىق تۇزسىمان.
كۆزلەرنىڭ شىرنىگە يىغىلغان دەرەخ،
سۇخەنساز ۋەزنىمنى قىلماقتا كۆزنەك.
مەڭگۈگە ئوت ئالغان يۇمران لالىنى،
قۇچماقتا تۈك بىلەن تويۇنغان چۆنەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

4

ئۇيقۇچان تېنىمگە تۆكۈلۈپ ۋولقان،
ھۇجەيرەم سانىدا ئېچىلار روجەك.
سۈكۈنات شەكلىدە ئوقچۇدۇم زىنھار،
بەھرىمدىن چۆللەردە ئېچىلار چېچەك.
لەھزىدە ئەسلىمدىن غايىبمەن —
ياتمەن،
قىشالىق قەبرىگاھ بەزمىگاھ ماڭا.
قەسەملەر تىغىدا چاپچىغان ئاتمەن،
ئۇنتۇلغان قەترە تۇز نەزمىگاھ ماڭا.
ۋەھدەتتە ئۆزۈمنى ئەيلىدىم تەقسىم،
ئېيتىدۇ سىرىنى ماڭا ھەر نېمە.
ھاياتقا ھامىلدار قەتلىگاھ ئىچرە،
ئەي، كەپسىز يېزىقلار ئۆڭسەن نېمە؟

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

## شاخ

بىر بۇلاقنىڭ ۋەسلىنى كۆزلەپ،
تەرك ئەتتىڭ قونغان شېخىڭنى.
ئورمانلارغا غەرق ئەتتى كىم،
چوغلۇق كەبى ئاتەش چېغىڭنى؟

شاختىن يەنە تۆكۈلدى ياپراق،
قالدى شاخمۇ يېگانە كۈيلەپ.
ئايلانماقتا دەرياغا شامال،
شاخنى بۇلۇت ئەۋجىگە سۈيلەپ.

قىلالامسەن ماڭا سەن بايان،
قايان كەتتىڭ قۇش ۋە يوپۇرماق؟
شاخلار قىلىپ يىلنى پاياندار،
يىراقلارغا چەكمەكتە زىناق.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «كروران گۈزىلى» گە

قەدىمكى «كروران گۈزىلى» جەسىدىنىڭ ياپونىيىدە
كۆرگەزمە قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۇزاق قىسمەتلىرىڭ قۇم ئاستىدىن ئاسمانغا ياماشتى،
چېچىڭ سۇمبۇللىرى قۇش سايرىغان ئورمانغا ياماشتى.

نازاكەت شەبنىمىڭ يىللار شىخىدا پارقىراپ كۈلدى،
ۋىسال چاقماقلىرىڭنىڭ شولىسى ھىجرانغا ياماشتى.

ۋۇجۇدۇڭ جىملىقى باقىي ھاياتنىڭ نەغمىسى گويا،
تومۇرلار بىزدىكى دولقۇنلىغان ساپ قانغا ياماشتى.

گۈزەللىك تاجىنىڭ زەر جىلۋىسى ئۆچكەنمۇ تارىختا،
رەزىللىك تۈلكىسىنىڭ پەنجىسى قاپقانغا ياماشتى.

نىگاھىڭ يۇلتۇزى خىلۋەت روجەكتىن خۇش كۈلۈپ باقتى،
ئەسىرلەر ئالۋۇنىغا مىنگىشىپ بۇ جانغا ياماشتى.

ئۆتۈپ تار رەستىلەردىن بارسەن دىللارغا مېھمانغا،
ئۇنۇڭنىڭ ساز، تونۇش زىل تارىسى ئىمانغا ياماشتى.

# تىنىگەن روھ

رەستە تولا شەھەردە، لېكىن
ئېلىپ بارالماس سۆزۈك شەھەرگە.
قوشنىلار ئۆيلىرى ئاجايىپ يېقىن،
تونۇمايدۇ بىر - بىرىنى
دەردلەر تەنها، ئوخشاش مەھشەرگە

سانجاق - سانجاق بىنالار
تاش ئورماندەك شاۋقۇنسىز
مۇزلاپ كەتكەن ئادەملەر قەلبى
ئاقار هاۋالاردا دولقۇنسىز
قۇشلار تىنىپ قالغان سۈرەتلەردە
دەرەخلەر چۈش بولۇپ ئوينار تۈنلەردە
قىزلارچۇ، قىزلار
ماڭار سىغىنز چايناپ
كۈلۈپلارغا
يالماپ يۇتار ئالدىراشلىق
سەبىيلىكنى، شېئىرنى
گېزىت ئوقۇيدۇ ئەپەندىلەر
چاي دەملىشىپ ئىشخانىلاردا
كىيىپ ئالپازىغا كىبىرنى

شائىرلار ھارغىن
ئۇقۇپ قويۇپ ئۇلارنى
يىراقلارغا ئاقار شېئىرلار
جۇدەپ كەتكەن بىمار كۆچەتلەر
شىۋىرغانغا تۇتۇپ قەددىنى
يالغۇزغىنا تۇرۇپ شىۋىرلار
يېنىدىلا
تاش ھەيكىلى ئارسلاننىڭ
ھۇۋلاشلار نەدە؟
ھۇۋلاشلار
تونەكلەردە
غۇژمەك - غۇژمەك پانۇسلاردا
مۇنچىلاردا
ئەۋرەز كوچىلىمەكتە، ئادەملەر قورقاق
شامال ئاقماقتا، ئىشىكلەر تاقاق.

1998 - يىلى، ئۇرۇمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## رەستە

بوران — ئاشكارىلانغان ساماۋى رەستە. زېمىن ئۈستىدىكى ئىز-
لار ۋە چاتقاللار توزان شاۋقۇنلىرى ئىچىدە پەلەككە يۈكسىلىدۇ.
پەلەكنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئېگىزلىكىدە ئەمەس، ھەممە نەر-
سىنى سىغدۇرۇپ كېتەلىگەنلىكىدە. بەزىدە پەلەكتىنمۇ ئېگىز نەرسى-
لەرنى كۆرۈپ قالىمىز. ھاۋادىكى قۇشلارنىڭ پەس ئاۋازى، چاقماق،
زېمىنغا سىڭىپ كەتكەن يامغۇرنىڭ ئەرۋاھى، بوران تەرىپىدىن سو-
رۇلغان ئاياغ ئىزلىرى — مانا بۇ قىسمەتنىڭ رەڭگارەڭ ھالقىلىرى.
ناخشىلار ئېگىزلىكتە سوزۇلۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناخشى-
لارنىڭ پەرۋازى، يىراقلارغا كەتكەن. قوڭغۇراق جىرىڭلىشىدەك
جىلۋىلەر ئىچىدە زېمىنغا قاراپ ئاققان ئىلاھى جۇلا، قەدەم تىۋىشى.

بوران — رەستە. ئىزلار بۇ رەستىدىن پەلەككە ئۆتىدۇ. قاراس-
لىغان ئاۋازلار رەستىلەرنى قاپلىغان. يولۇچىلار ئۆز يولىدا كېتىپ
بارغان.

ئەتراپ رەستە، ھەممە يەرگە بارغىلى بولىدۇ.

1993 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۇغۇلغان كۈن

قاردەك يۇمشاق ئاپئاق كېچىنى
سايەڭمىكىن دېدىم، ئالداندىم
ئۇنىڭ ئىزدەپ ياقتىم سەرەڭگە
گاھ ئالدىمغا، كەينىمگە ماڭدىم.
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ
سەن يىراقتا، مەن داغدا قالدىم.
بولسا ئەگەر لەۋلىرىڭ ئوتلۇق
شام ئورنىدا مەن ئۆزۈم ياندىم.
پۈۋلە مېنى سانجىپ قەلبىڭگە
ئۆچەي، ساڭا تېپىلسا شادلىق
يۈلتۇزۇڭمەن، ھىجراندا مېنى
ئويلاپ تۇرماي كۈلسەڭ بىر تاتلىق.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

# ئاۋازسىز تىل

(ئايالىمغا)

ئېسىمدىكى شۇ بىر تۈپ دەرەخ،
بەك تونۇيدۇ سوغۇق كەچكۈزنى.
قاردىن يىراق تىترەپ بۇ زاۋال،
سۇ ئاستىغا چۆكمەكتە ئۈنى.

سايىسىنى تاشلاپ چۈشۈمگە
قورۇنماقتا تاشنىڭ دۈمبىسى
مۇھەببەتتىن ئۈستۈمدە چاپان
هارارىتى قەلبىمگە نېسى.

چاقچۇن دېگەن بەكمۇ يىراق جاي
بارالمايدۇ مەن تىنغان هاۋا
هەر ئويغانسام روجەكتە كۆزۈم
تالا قارا، ئۆيۈممۇ قارا.

ياپون تىلى ئىچىدۇ ئاستا
كۆزلەر تامان ئاققان رېڭىمنى
كىم ئۆگىنەر مېنىڭ تىلىمنى
سۆرۈشتۈرسە مەنمۇ بىر لۇغەت.

1995 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# خىلۋەتتىكى يامغۇر تامچىسى

غايىب بولدۇلۇڭ رەستىلەرنى ئۆچۈرۈپ ئۇنىسىز
ئالقىنىمدا قالدىڭ ئەمدى كۆل رەڭ نۇر بولۇپ
كۆيدۇردۇم - دە، ئىسلىرىمدىن ماردىم سېنى
گۇگۇم ئارا ئەخلەتلەرگە كەتتىم تۆكۈلۈپ.

بارماقلىرىڭ يۇمشاق، شۇڭا تىرناقلىرىڭ ئوت
چاقىرماقتا قار ئاستىدا ياتقان ئاخشامنى
جىمىپ كەتتىڭ چۈشلىرىڭدە ياتسام ھالسىراپ
ئىزدىمەكتە نىگاھلىرىم چېقىلغان جامنى.

ئۇنلىمەكتە خىلۋەتتىكى يامغۇر تامچىسى
سۇ يۈزىدە بىر رەت ئايان بولدى بۇ ھايات
مەن سايەڭنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاققان قىزىل قان
سەن دېڭىزنىڭ رەڭگى بىلەن يۈرسەن ھەيهات.

1995 - يىلى، چاڭچۈن

## قىشنىڭ تەرجىمىسى

تاغ بويلاپ يىقىلغان چاقماق غوللىرى
ئاتەشلىرى قار جىلغۇسىگە ئايلانغان
شاخلار ئارا تەنها قۇشنىڭ ناخشىسى
مېھراب ئىچىدە يېنىۋاتقان شام كەبى
قېرى ئاسمان سۇمۇرىدۇ ئاپئاق جەۋھەرلەر
شېئىر يازدىم:
«ئىسمىمدۇر بەلكىم
ئېرىش بىلەن يوقالغان»
ئايلىنار شېئىرىم قەترىلەرگە
قەترىلەر سىڭىپ كېتەر كۆڭۈللەرگە
ئايلىنار بېرىپ يەنە چېچەكلەرگە

ئۇخلاپ قالغان چاقماقلارغا ئوخشار تاغ يولى.

1996 - يىلى، نەنسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# هايات ۋە شائىر

1

بىزنى ئېلىپ ماڭار بىر كىچىك قولۋاق
دېڭىزنىڭ سۇلىرى پايانسىز ئويناق
كۆڭۈلدە بىر سادا، ئېيتىمدۇ شۇنى —
پەلەكتە يۇلتۇزلار بولۇپ قوڭغۇراق.

2

يۇلتۇزلار شائىرنىڭ قەلبىگە كۆچتى
شائىرنى ياندۇرۇپ ھەم ئۆزى ئۆچتى
پەسىللەر لېۋىدە ھەمىشە بىر ئوت
ئوت نېمە، ئېيتىڭلار بۇنى كىم يەشتى؟

1996 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ۋەتەن ۋە ئىمان

— ۋەتەننى كۆپ كۈيلىگەن بىر شائىرغا

ۋەتەن دەپ تولۇلىدىڭ ئىمانىڭ قېنى؟
قەلەملەر تەۋرەتتىڭ، ۋىجدانىڭ قېنى؟
تاڭلارنىڭ ئىشقىدا گۈلخانمەن دېدىڭ
كۆڭلۈڭ ئاسمانىدا چولپانىڭ قېنى؟
قەلەمنى مەشئەل دەپ مۇدۇرۇپ ئۆتتۈڭ
ئۆپكەڭمۇ يوغىناپ، يۈتىلىپ ئۆتتۈڭ.

ۋەتەنگە ئىخلاستا باقساڭ ئېڭىشىپ،
قوۋمىڭنىڭ يىلتىزى ياتار چىرمىشىپ
چاقنايدۇ مازاردا فوسفور يالقۇنى
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ.
بۇ يەردە بۇغرا ھەم ئوغۇز ياتىدۇ،
قوقاسقا ئايلانغان يۇلتۇز ياتىدۇ.

سەپ تۈزۈپ ھەررەڭدە پەسىللەر ئۆتتى
«ۋەتەن» دەپ باھادىر نەسىللەر ئۆتتى.
ئەۋلادقا پەقەتلا ۋەتەن قالىدۇ
باشلاردىن نى ئەقىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نەقىللەر ئۆتتى.
ۋەتەن چۆچەك ئەمەس، سەجدىگاھىڭدۇر،
ۋەيا ئەرمەك ئەمەس، باشپاناھىڭدۇر.

«ۋەتەن — جانان» دېدىڭ، جانان تېپىلار،
ۋەتىنىڭ بولسىلا ھامان تېپىلار.
غۇربەتتە تېنىگەن ساياقلارغىمۇ،
شاھانە قەسىر ھەم ئايۋان تېپىلار.
بەزىدە ۋەتەنسىز سۇلتان بولىدۇ،
ئۆزىنىڭ گۆشىگە ئوتۇن بولىدۇ.

ۋەتەن ئەسقاتىدۇ ئۆلگەنلەرگىمۇ،
نەپسىنىڭ ئوتىدا كۆيگەنلەرگىمۇ.
ھەتتا، ئوسمىسىنى سېتىپ خوتۇنىنىڭ،
بىر ئۆمۈر تاماشا كۆرگەنلەرگىمۇ.
لېكىن ھاقارەتتە قالدى قەبرىسى
تالاي ئاھانەتتە قالدى نەۋرىسى.

ۋەتەن ئىمان بىلەن بىر تەن ئەمەسمۇ؟
ۋەتەن ئىمانسىزغا ماتەم ئەمەسمۇ؟

1999 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

## ئاق قۇشقاچ

قېچىپ دائىم ئاق قۇشقاچ،
كۈن ئالىسەن دالىدا.
بۈگۈن ئەجەب كۆرۈندۈڭ،
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا.

پاكىزە، ئاق پەيلىرىڭ،
بۇلغىنىپتۇ تۇماندا.
ئوماق، كىچىك كۆزلىرىڭ،
باقار، تەشۋىش گۇماندا.

چۈشەن مېنى ئاق قۇشقاچ،
ساڭا تۈزۈك مېھرىم بار.
يۈرىكىڭگە سوزۇلغان،
ھەسەن ـ ھۈسەن رىشتىم بار.

تاپالمىدىم سەن بىلەن،
سىر داشقۇدەك ئىمكانىنى.
قەدىرلەيمەن سېنىڭدەك،
كۆڭلى نازۇك مېھمانىنى.

1999 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## شەھەردىكى بالىلار

يېشىل، يېشىل ئورمانلار
نەگە كەتكەندۇ؟
ئاسمان تۇتۇق، نېمە دەرد
ئاڭا يەتكەندۇ؟

ئېگىز بىنا كەينىدىن
چىققاندا قۇياش،
ئاپام بولار ئالدىراش،
دادام ئالدىراش.

ئاڭلىمايمىز پۈتۈن ياز
قۇشلار سازىنى،
كۆرەلمەيمىز پاقلاننىڭ
ئوماق نازىنى.

ئۆتۈپ گۈزەل بالىلىق
بولماقتا ئادا.
تونۇمدىكىن بىزلەرنى
تەبىئەت ئانا.

1999 - يىلى، ئۈرۈمچى

# ھاۋا قەسىرى

مەن سىنىڭ قولۇڭنى يۇتتۇرگەن شۇدەم،
ئاھ، مىنى باشلايدۇ قايسى مۇھىتقا؛
چاقماق شولىسىغا قىلارمۇ تەرك
مىندۇرۇپ قويارمۇ كۆل رەڭ بۇلۇتقا؟
تىنماستىن ئۇرىمەن تاشلارنى تاشقا
سۆرەنلىك دىمىمدىن ئۇنسە سۇكۇنات
ئوتلار بىر دەقىقە كۆرسىتىپ جامال،
رەڭسىز بىر دەرگاھقا قاقىدۇ قانات.
كۆر، ئەنە ساھىلدا تۇرغان گىياھنى —
ياپىرىقى ئىجازەت بولمىغان دۇئا.
ئۇنىڭ شۇ پۈكۈلگەن ئاجىز جىسمىنى
بىر رەتمۇ يوقلىماي كەتتى شوخ شامال
تۇگىدى پەسىلدىن كۈتكەن مۇددىئا.
ئالدىمدا بى تەھقىق كۆرسىتەر زۇمرەت
شۇنچە تېز مۇزلىغان سۇپسۇزۇك ھاۋا.
يىغىلگەن بىر ئەلنىڭ پۈللىرىسىمان
شامالدا سورۇلغان غازاڭلار ئارا،
لاماكان يۇرىدۇ يوچۇن بىر ناۋا.

ساھىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇ ئەرشتىن شۇڭغۇغان سايە
ئىزغىرىن ئاي بىلەن يۇيۇنار ئەلۋەك.
ساھىل
ئۇ سۆزلەشكە تەمشەلگەن بىر لەۋ —
ساناقسىز ئىز بىلەن تويۇنغان گىرۋەك.
شاۋقۇنلار ئەلىمى كېلىدۇ دەۋرەپ
ۋاقىتنىڭ تامچىسى تامغاندا ئاتا
ئەمالىق ئىچىدە قالار ئۇ مەڭدەپ
ئەۋرىشىم گىيالار قالغاندا ئاتا.
ئاھ، ئاشۇ مۇز دەۋرى قالدۇرغان مۇزا
ئېرىيدۇ قاناتنىڭ يەلپۈشلىرىدىن
ئاھاڭلار ئەيۋەشكە كېلىدۇ قايتا
قىيانىڭ شامالدا چالغان نېيىدىن.

2

يوپۇرماق
سەن نېچۈن تىترەيسەن ئۇماق؟
بىلگىنىڭ قايسى سىر، قايسى بىر بۇلاق؟
تىترەڭگۇ سايەڭنى ئېپكەتتى شامال
كېزىدۇ باغرىڭدا قانداق ئىشتىياق؟
ۋۇجۇدۇڭ ياپيېشىل بالقىغان يۇلتۇز
سازلارنىڭ ئەۋجىدە كەتتىڭ سەن يىراق.
ئاداققى كۈيۈڭدە يانغان گۈلخانىنىڭ
تاۋۇشى ئاڭلانماس سالسامۇ قۇلاق.
سەزگۈلەر كۆكىدە يوقمۇ ئىزلىرىڭ
قالدىم مەن ھىدىڭنىڭ پەيزىنى سورمەي.

مەڭگۈلۈك قالامدۇ تېگىرقاپ شۇنداق
شەپەڭنىڭ لەھزىلىك بېغىدا يۈرمەي.

3

ئۇيقۇ
سەن كېپىنەك ئۇچقان گۈلىستان
بىلمەيمەن، نېمىشقا يۇلتۇزۇڭ پىنھان؟
تىترەيدۇ تۇيغۇدەك غۇبارسىز بىر كۆل
كۆل ئىچرە نەرگىسنىڭ پورىكى يەكسان.
تاڭدىكى سابادەك سىيپاپ ئۆتسە جان
قالامسەن پەلەكنىڭ پەيلىنى يادلاپ؟
چۈچىمەل ھەم سىلىق تەرنىڭ تامچىسى
قاپقارا تېرەڭدە قالامدۇ چاقناپ؟
ئۇيقۇ
سەن سايىلەر ياسىغان جەننەت
ئادرېسىڭ كۆيدىكىن قايسى ئۇپۇقتا؟
يول ئالسام دانچىلىك قۇشنىڭ كۆزىگە
كۆرۈنمەس سېھرىڭدە سالىسەن نوقتا.
دىدارىڭ ۋەسلىدىن بالقىغان لەززەت
ئۇيۇدى قېنىمنىڭ خىلۋەت جايىدا
مانانلىق مېڭەمنى ئورايسەن قات - قات
ۋىنودەك رەڭگىدىن پۈتكەن شايىدا.
ئاھ، ئۇيقۇ، قىشلاقنىڭ قەدىم ئۆلپىتى
چىراغلار نۇرىدا ياسىدىڭ قۇيۇن
خىلمۇخىل تاش ھەيكەل قاپلىغان رەستە
ئىلكىڭدە ۋاقتىنچە توختىغان ئويۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

4

بۇ كۈنمۇ شۇنداقلا ئۆتتى، ئېھتىمال
توزۇدى ئىزىدىن ئېچىلغان مامكاپ.
ئىلاھى رومكىدىن تامدى بىر قەترە
شۇ قەترە رەڭگىدىن رەڭ ئالدى ئەتراپ.
چېچىلغان ئۆپۆككە پۈتلىشىپ ئەنە
نكاھنىڭ ھارۋىسى باردۇ ئاستا.
قوڭغۇراق
مېتالدىن ياسالغان ياڭاق
زىل ئۇندە چېقىلار ھەر بىر مىنۇتتا.
گۈگۈمنىڭ شەھىرىدە كەزسە بىر تىنىق
قاشتېكى مەجنۇنتال ياسىدى دولقۇن
ئۇمۇمىي ئېقىنىنىڭ كونا لەرزىگە
بېلىق بوپ تومۇردىن سەكرىدى يالقۇن
ئېيتقىنا، پەنجىدىن چىققان گۈلدۈراس
شۇ يىغا ۋە كۈلكە چىققانمىدۇ راست؟
ئېمىشقا بىر ئۇچۇم ھاۋا ئىچىدە
ھاياتنىڭ ماگمىسى ياندۇ تىمتاس؟

5

ئويىنتار ھاۋادىن پۈتكەن بىر قەسىر
يۇلتۇزنىڭ لېۋىدىن تامغان قەترىنى
كىم ئېتەر يېڭى بىر داستىخانغا قۇرباش
قەترىنىڭ سىپاتى بولغان سەترىنى.

شېئىرىم — سالالماي كەلگەن بىر لىباس
قايسى كۈچ بەخشەندە ئەتتىكىن ئۇنى؟
روھىمنى كۆچۈرۈپ قويغانمەن سۇغا
يوق بەلكىم بىر كۆرەي دېگەندە ئۇنى
ئەي، شاراب، ياندۇردۇڭ ئىلكىمدە بىر جان
ۋە لېكىن، تەشۋىشتە ياشىدىم نىمجان
شۇررىدە ئاقماقتا پىكرىمنىڭ شامى
بەرمەمسەن شائىرغا تۇزۇك بىر ئىمكان!

قايتۇرۇپ ئال مەندىن ئاچكۆز بەدەننى
سالايمەن ئۆزۈمگە ھاۋادىن قەسىر
شېئىرىم مۇنەججىم ئەينىكى بولسۇن
ئاجىزلىق پىكرىمنى قىلمىسۇن ئەسىر.

1992 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئوت كەينىدىكى يامغۇر

يوللىرىڭدىن ئۆتتى ئاي مېڭىپ
داغلار قالدى ئورمان قېتىدا
سايەم ئاپئاق ۋەسلىڭنى قۇچۇپ
بولدى شورلۇق جىسمىدىن جۇدا.

شەپقەت كۆلۈپ ئۇچقان پەرشتە
ياغار ئۇندىن خۇش پۇراق گىيا
لەۋلەر بۇلۇت يوچۇقلىرىدىن
ھەممەتلەرگە باقىدۇ قىيا.

گۆگۈم ئارا ئىمانسەن، ئىمان
دىدارىڭدىن پاكلىنار كۆزلەر
ئۆچۈپ قالغان گۇلخان قېشىدا
جىمجىتلىقنىڭ ھاياتنى كۈيلەر.

تاڭ لېۋىدىن تومۇچۇق ئۇنى
چۆچۈگەندە چۇشۇپ كەلسەگەر
خالىڭ ئانار شەربىتى ئارا
«مانا مەن» دەپ بېرىدۇ خەۋەر.

ئايلاندىڭ سەن شىۋاق ھىدىغا
شىلتىپ قويۇپ بىلەكلىرىڭنى
كۆز پەسلىدە ئالدىم مەن تېرىپ
چېچىۋەتكەن بېزەكلىرىڭنى.

ئىزدەپ بارسام ھويلاڭغا تاڭدا
گۈل سېۋىتىڭ تۇرۇپتۇ تىمتاس
ئايلاندى ئاھ مەيىن شامالغا
قەلبىمدىكى تاتلىق ئېھتىراس.

1993 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇساپىر ناخشىسى

تاشلاپ كەتمە، قالدۇرما تەنها،
مۇساپىرمەن يۇرتۇڭغا ئەي يار.
يوقلاپ كەلسەڭ قېشىمغا رەنا،
نېمىشقىدۇ كۆز يېشىم تەييار.

قىينار مېنى بۇندا بىر سەۋدا،
تۇندە تەنها ئايلىنىپ باقتىم.
ئاڭلانغاندەك سەندىن بىر سادا،
كەينىمگىمۇ قايرىلىپ باقتىم.

ئاي يېگانە، مەنمۇ يېگانە،
ئېلىپ كەتتى دەردىمنى شامال.
تۇرار گاھىم بولدۇم غەمخانە،
كەلگىن رەنا، كەل كۆڭلۈمنى ئال.

1994 - يىلى، بۇگۇر

## بوگونکى رىۋايەت

ئويناپ - كۇلۇپ بىر گۈزەل باغدا،
ئالما بىلەن ئازغان ئىكەنمىز.
قېلىپ كېيىن ھەسرەتتە - داغدا،
دەردىمىزنى يازغان ئىكەنمىز.

يارىم ماڭا بەرگەندە ئالما،
ھەزەر ئەيلە دېگەنلەر بولدى.
دەپ شەيتاننىڭ كەينىدىن ماڭما،
ئۆزى ئېلىپ يېگەنلەر بولدى.

ئېزىپ قالماق ئادەمگە راۋا،
ھەزەر ئەيلەپ قىلدىم مەن خاتا.
قەدىرلەيمەن ئەمدى رىسقىمنى،
ئەسلى بىردۇر شەيتان ۋە خۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇنتۇلماس ئاخشام

تۇتۇپ قولۇڭنى سۆيمەن دېسەم،
تىترەپ ئاۋازىم بوغۇلۇپ كەتتى.
سەنمۇ ھەم يىغلاپ دەردىڭنى تۆكسەڭ،
يۈرىكىم ئاغرىپ مۇجۇلۇپ كەتتى.

ئۆتتى نۇرغۇن چاغ قىلماستىن گەپ - سۆز،
يار سېنى ئاخىر باغرىمغا ياقتىم.
ھەممە ياق جىمجىت، تىنجىقتۇر ھاۋا،
نەپەسلىرىڭدىن سۇ بولۇپ ئاقتىم.

تاڭ ئېتىپ، ھەسرەت ياماشتى بىزگە،
خوش دېسەم تەستە، قالدىڭ سەن يىغلاپ.
خوش دېسەم دىلبەر، ئاخىرقى بىر رەت،
قارا كۆزۈڭدە باقمىدىڭ قىيداپ.

## ئاتەش

چاقىرىپسەن بىر قەدەھ مەيگە،
ئوتلىغاندا بولدۇم بىر ئاتەش.
لېكىن، چوغلۇق ئۇنىمىدى لەۋگە،
قايتقىنىمدا بولدى كۆڭلۇم غەش.

ئاتەش، ئاتەش تومۇردا ئاتەش،
بۇ شەھەردە سەن ماڭا دىلكەش.
ئارىمىزدا ئۇزۇن بىر رەستە،
باردىم شۇنچە تەشۋىشتە، تەستە.

كۆزلەر بىزدە، ھالىمىز خەستە،
دېگەنلىرىڭ شۇ پېتى ئەستە.
ئاتەش، ئاتەش دىللاردا ئاتەش،
بۇ شەھەردە سەن ماڭا دىلكەش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ساھىل ۋە ھايات

مىڭ جاپا - ئەلەمدە ساھىلنى تاپسام،
سايىۋەن يوق بولدى، كۆيدۈردى ئاپتاپ.
پۇشايمان ئىچىدە كەينىمگە باقسام،
كۆرۈنمەس يولۇمنى بۇلۇتلار قاپلاپ،
سايىۋەن يوق بولدى، كۆيدۈردى ئاپتاپ.

تاپىنىم ئاستىدىن ئۆتتى ھارارەت،
ئۇنتۇلغان بىر ناخشا ئاڭلاندى يەردىن.
ناتىۋان تېنىمگە تولدى جاسارەت،
ۋىجدانىم يۇيۇنۇپ پاكلاندى تەردىن،
ئۇنتۇلغان بىر ناخشا ئاڭلاندى يەردىن.

ئۇپۇقتا سوزۇلغان ساھىلنى بويلاپ،
قارىسام بەك ئېگىز كۆرۈندى ئاسمان.
ھاياتنىڭ بىپەرۋا خۇيىنى ئويلاپ،
ئالدىراپ ھەر ياقتا يۈگۈردۈم چاپسان،
قارىسام بەك ئېگىز كۆرۈندى ئاسمان.

1994 يىلى، بۈگۈر

# سېرىنگۈل

ۋىسال ئىزدەپ قان يىغلىغان ئاشىقلار،
سېرىنگۈلگە تۆككەن ئىمىش دەردىنى.
شۇڭا سېرىن چىن مۇھەببەت - سۆيگۈ دەپ،
بىلەر ئىمىش سىم - سىنم يامغۇر قەدرىنى.

ئېيتقىن ماڭا نازاكەتلىك سېرىنگۈل،
گۈلۈڭ گۈزەل، گۈلۈڭ قاچان ئېچىلغان؟
ئاشكارىدۇر شېرىن ھىندىڭ باغلاردا،
گۈلۈڭ گۈزەل، گۈلۈڭ پىنھان ئېچىلغان.

ئەي سېرىنگۈل باردىم سېنىڭ قېشىڭغا،
سۆيگۈ ئوتى يانغان تۈنجى ئاخشامدا.
بىر ناخشىنى ئېيتىپ بەردىڭ شىۋىرلاپ،
شۇ ناخشىنى تووۇلاپ ماڭدىم قايتقاندا.

1994 - يىلى، بوگور

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەھرادىكى سۆيگۈ قوشىقى

1

بەلكىم، قىلدى قوللىرىمنى كىر،
كېلىپ كەتكەن ئەشۇ ئاق ئايدىڭ.
ئاھ، سەن جۇدەپ كەتكەن خىلۋىتىم،
مېنى تاشلاپ نەلەردە قالدىڭ؟
شاقىراتمام ئوخشاشلا ئۈنلۈك،
تاللار بىر كۈي ئەۋجىدە لەرزان.
تىترەيمەنكى، تىترەيمەن ئۇزاق،
يۈگۈرەيدۇ يول - يوللاردا جان.

2

بۈگۈن يەنە چۈشتۈڭ ئېسىمگە،
تۈنمۇ بەلكىم ئۆگزەڭدە كەپتەر.
سۇلار ئاققان جىمجىت بېغىڭغا،
كىرەلمەيدۇ نېمىشقا مەھشەر؟
گۈل ئېچىلدى دەيدۇ بېغىڭدا،
كىرەلمىدىم بولۇپ بىر كاككۇك.
ئوچىقىڭدا كۆيۈشنى ئىستەپ،
جاڭگىلىڭدا بولىمەن سۆكسۆك.

3

ھويلاڭدىكى چىگە تانىغا،

يېپىلمىدى ئەتلەس كۆينىكىڭ.
ياشاش ئۈچۈن ماڭا گۈل كېرەك،
كىر كۆينىكىڭ، ئاچچىق تەر ھىدىڭ.
بۇ ئاشۇنداق خىسلەتلىك سەھرا،
تەر ھىدىگە بولغانمەن شەيدا.
تەر پەقەتلا، پەقەت سەندە بار،
تەشۈنىشىڭدىن بولغان ئۇ پەيدا.

4

قاراپ تۇردۇم داداڭ خاماندا،
تاشلىماقتا شامالغا توپان.
چىقمىدىڭغۇ توشۇپ نان، قېتىق،
كەزدى مېنى ئەندىشە گۇمان.
ئۇنتۇپ مېنى بەلكىم، بىر چەتتە،
زېمىن قاينار تومۇز ئىلكىدە.
قايناشلىرىم ئۆزۈمگە ئېنىق،
سوغۇلىمەن سۇكۇت چېكىدە.

5

بىزنىڭ ئۆيدە بولۇندى بۇگۈن،
غورا سالغان ئېشىڭنىڭ گېپى.
ئانام ماختاپ دەپ قويار بەزەن،
ئەشۇ قىزنىڭ بار ئىكەن ئېپى.
قاچاڭدىكى قانداق دىمىدە؟
ئانام شىپا تاپتى كېسەلدىن.
بىلسەڭ، كېسەل باستى مېنىمۇ،
غىزا ـ تاماق ئۆتمىدى گالدىن.

6

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ماڭدىم بويلاپ خالتا كوچاڭنى،
گۈللۈك ئىشىك تېخى كۆرۈنمەس
ئاناڭ قىلغان زەردىلىك گەپنىڭ،
يۈرىكىمدە چېكى كۆرۈنمەس.
قاچان بارسام يوغان بىر قۇلۇپ.
سەن ئۆيۈڭدە بولساڭمۇ دىلدار.
يەنە قايتتىم لېۋىمنى چىشلەپ،
سىرلىرىمنى قىلالماي ئىزهار.

7

مانا، ئاخىر بالاڭنى كۆردۈم،
ساڭا ئوخشاپ قاپتۇ بالاڭمۇ.
ئاڭلاناقتا قۇلاققا ئەمدى،
مەن توغرۇلۇق ئۆسەك پاراڭمۇ.
ئۆتۈپ كەتتى شۇنچە ئاي - يىللار،
شەرمى - هايا ئېچرە بېقىشىپ.
هايات قىزىق، باللار ئەنە،
بىر ئېرىقتا ئوينار قېنىشىپ.

8

ئەي، تەشۋىشتە تۇرغان ئانىلار،
مۇھەببەتكە بارمۇ ھۆكۈمران؟
مۇھەببەتتىن سۆز ئاچار پۈتۈن،
مىنۇتلارنى كېزىپ يۈرگەن جان.
قەلبىڭگە باق، چۆرەڭگىمۇ باق،
ئۈنلىمەكتە مۇھەببەت پىنهان.
پات - پات پۈۋلەپ تۇرمىسا بىراق،
تاۋلىنالماس قورقاتسا ۋىجدا.

9

قىلما نىسى، ھەر قاچاندا سۆي،
زېمىستاندا، ئەتىيازدا سۆي.
چېقىن چاققان بۇلۇتلاردا سۆت،
دالىلاردا، كۆلزۇبلاردا سۆي،
نېمەتلەرگە تولغان يازدا سۆي.
ھايات بەرگەن ھەر بىر دەقىقە،
مۇھەببەتكە ئاتالغان زامان.
سۆي
رەنجىتىپ قويمىساڭلا، سۆي،
مۇھەببەتتە ياشايدۇ ئىمان!

10

ھىجران، پات - پات چىرمىغىن كېلىپ،
مۇھەببەتنىڭ كۈچى ھىجراندا.
ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ كۈچى،
باشلىنىدۇ پەقەتلا شامدا
ناۋايىمۇ كۆرگەن يارىنى،
پەۋەس شاراپ قۇيۇلغان جامدا.
سەنمۇ پات - پات يوقلىغىن ۋىسال،
قويىۋەرمەي مېنى پىغاندا.

1994 - يىلى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جانان قىز

ماڭا دائىم تەلمۈرۈپ،
قارايدىغان بىر كۆز بار.
بەلكىم، ماڭا كۆڭلىدە،
دېيەلمىگەن بىر سۆز بار.

كەلدى باھار، سۈنۈشقا،
گۈلدەستىسى يوقمىدۇ؟
ئاچچىق - چۈچۈك ھەم شىرىن،
جىنەستىسى يوقمىدۇ؟

ئايمۇ كەتتى يىراققا،
يۇلتۇز قالدى سامادا.
تۇندەك قارا بىر كۆز بار،
كۆڭلۈم قالدى تامادا.

1994 - يىلى، بۇگۇر

# كۆزدىكى سېغىنىش

سۆيدۈم يار سېنى بىر تىترەش بىلەن،
كۆرۈندى باقسام لەۋلىرىڭدە قان.
تىپىرلاشلىرىڭ ئاجايىپ لېۋەن،
جان بېرەي دېسەم چىقماي قالدى جان.

ئىككىمىز ياندىش ئولتۇرغان جاينى،
كەلگەندە كەچكۈز كۆمدى يوپۇرماق.
ئەسلىتىپ ماڭا دىلرەبا ئاينى،
مەست قىلدى سەندىن قالغان خۇشپۇراق.

شېرىن سۆيگۈگە ھىجرانلار ھەمرا،
گۈزەل بىر چۈشكە ئوخشايدۇ ھايات.
سۆي نىگارىڭنى قالمىغىن داغدا،
ئامەت بىۋاپا، چەكمىگىن پەريات

1994 - يىلى، بۈگۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوقيا

قۇش بولۇپ كۆكتە قاناتلار قاقتىم،
بېلىق بولۇپ ھەم دەريادا ئاقتىم.
بىلەلمەي ئاخىر تەقدىر پەيلىنى،
خىيال ئىلكىدە ھاياتقا باقتىم.

تەقدىرىم گويا ناتونۇش بىر يول،
مەنزىلىنى ئىزدەپ ھالسىدىن كەتتىم.
ھايات ئەلەمدە ئېتىلغان ئوقيا،
سۆيگۈدىن چىقىپ سۆيگۈگە يەتتىم.

قۇملۇق باغرىدا كېزىمەن تەنھا،
بىر كۈن باشىمدا ئايلىنار ھامان.
چۈشتى لېۋىمگە بىر تېمىم يامغۇر،
تېتىپ بولالماي ئۆتمەكتە زامان.

1994 - يىلى، بۇگۇر

# بويتاق ناخشىسى

جاراھەتكە ئوخشاپ زاۋالدا،
رەستىلەردە ياندى چىراقلار.
نۇر قوينىدىن يامرايدۇ سايە،
كۆرۈنمەيدۇ كۆزگە يىراقلار.
تەنھا بولدۇم تىمتاس ئۆيۈمدە،
دېرىزەمدىن مارايدۇ ئاخشام.
كەلدى سەرسان، سوغۇق بىر ئاۋاز،
كارۋىتىمدا مەست بولۇپ ياتسام.
خىيالىمدا ئۆگزەمگە ئاستا،
قونار ئاپئاق قارنىڭ ئۇچقۇنى.
ئاڭلانغاندەك بولدى بىر چاغدا،
پەشتاقلاردىن بىر قىزنىڭ ئۈنى.

1994 - يىلى، بۇگۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# يارغول خارابىسى

قېنى، سەن راۋاق،
تىترەشلەرگە غۇلاپ كەتكەن قوڭغۇراق؟
كەتتى پۇتاقلار
بىر نامەلۇم ئاسمان كەڭلىكىدە. . .
بىزمۇ شۇنداق كېتىمىز.

كەلدى بىزگە
بىر ئىشىكتىن ساسلىقلار ئېقىپ
تورلارسىمان كېڭەيگەن توزان ئەۋجىدە
ئۆتكەندە شۇ تۇز قاشالىرى
خەت ئوقۇپلا قالدۇق بىز

گۇگۇمدىكى شال پاخىلى ئۇستىدە.
ياندى ئوتلار
ئوت شىۋىرلىشىدىن
ياندى سايە
ئەينەكلەرنىڭ سوغۇلىشىدىن
ياندى مەھشەر
قەدەھلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن
ياندىم مەن

بۇ شەھەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىن
ياندىم مەن بۇ شەھەرنىڭ
دات رەڭ دېڭىزلارغا قۇيۇلۇشىدىن
دات رەڭ دېڭىزلارغا قۇيۇلۇشىدىن.

قوراللارنىڭ قولىدىن
ئېپ كەت مېنى سەرسان شاراپ تامچىسى
ئىزدەلمىگەن جىسمىمگە تولسۇن
تولسۇن ئاشۇ چاناقلارغا ئوخشىغان،
كۆكرەكلىرى ئۇچۇما بولغان بۇت تەكچىسى.

كېلىنچەكلار، قىزلار
مېڭىپ باقايلى بىزمۇ،
راھىبلارنىڭ تانىلىق، ئەگرى كوچىسىدىن،
ساكيامۇنى
توۋلانسىمۇ گەرچە خورنىڭ شەكلىدە،
بارىمىز تەنھا (بۇ راست)
نېرۋانىنىڭ پەشتاقلىرىدا.
ئېپ كەت مېنى سەرسان شاراپ تامچىسى
يولۇڭغا يات يوللىرىڭنى بويلىتىپ
ئىستىكىم ئىستەك
ئۆسكەن ئاينىڭ چېچەكلىرىدە
زىننەت بېرەر كۆيۈك يارىسى.

ھېچ ئىش يوق
قۇرۇپ قاپتۇ قەدىمىي قۇدۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابىدىسى بولۇپ ئۇيچان كۆزلەرنىڭ
سوغىلار
كۆك ئاسماندا قاپتۇ ساڭگىلاپ
ھەي، ياۋا چۆپكە ئايلايغان راھىب
ئاتەشلەرنىڭ ئەنگۈشتەرىگە
چۈشكەنغۇ بىز سوغىلاردىن تامچىلاپ؟
لېكىن، بىزمۇ سىڭىمىز
شەھەر سىڭگەن ساھىلغا
بەكمۇ ئاستا ياكى ئالدىراپ.

ئەسكى تامنىڭ ئاراچلىرىدا،
ئۆتمۈشلەردىن ئېشىلمەكتە تار.

دېڭىزلارنىڭ مەۋجىدە مەڭگۈ،
بىر ياتىسى چۆكەلمىگەن قۇياشسەن.
ئۆتۈپ بارار يول - يولۇڭدا بىلىجان
بىزمۇ شۇنداق كېتىمىز
يول - يولۇڭدا ئۆتۈپ بارار بىلىجان.

1993 - يىل. ئۈرۈمچى

# سەيياھ بالا

ئاپئاق قاردا ئىزلىرىم قالدى.
كەلگەندە باھار
ئەگۈزلەردىن كېلەر تۇۋشىم.

قۇشلار بالىسىمىكىن ئورمانلارنىڭ؟
كۆلسە ياپراقلار
چىشلىرى بولۇپ يالتىرار شەبنەم.

يالاڭ شاخلارغا
چىقىۋالدى قاچان ياپراقلار؟
ئېيتمايدۇ نېچۈن
شامال
ئەشۇ ماڭا ئامراقلار؟

يازدا كېچىلەر
ئوخشاپ قالار دەرەخلەرگە
يۇلتۇزلار — مېۋىلەر
سامانيولى دەرياسىغا

مۇلايىم، ئاستا تۆكۈلەر.
ئالمىلار ئاتار

ئالتۇن رەڭلىك چۇشلەرگە
ئاتقاندا تاڭ.

باغۇەن قىزغا ئوخشاپ قالار ئاي
ئۇخلاپ قالغان.

قۇياش
تەڭرى باشقۇرغان كۆزەت چىرىغى
باشاقلاردا تاۋلىنار ئوغۇز رەڭ بولۇپ
ئانام ئەجرى، دادامنىڭ تەرى.

بىر تال بۇغداي
ئاي تۇغار يەنە
قۇياش تۇغار يۈرەكلەرگە
ئوخشاپ قالار ئاتا - ئانام
چىراغ مىۋىلەيدىغان دەرەخلەرگە.

ھەر بىر كىچە
تۇغۇپ قۇيار مېنى دالىغا
تۇغۇپ قويار چىغىر يوللارنى
سوزۇپ - سوزۇپ يىراققا.
قوشكېزەكمەن چىغىر يول بىلەن
كۆندۈز بىزنىڭ يۈگەكلىرىمىز بۇلۇتلار
سۈت بېرىدىغان ئىنەكلىرىمىز.

ئىزلىرىمىز



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توقۇلىدۇ پەسىللەردە.
پەسىللەر
تۈنەپ ئۆتەر مۇھەللىمىزدىكى
يەتتە تاشلىق تۈگمەنلەردە،
ئۆگزىلەردە
ئېگىز - ئېگىز تېرەكلەردە.

1999 - يىل. ئۈرۈمچى

[General Information]
书名=空中阁 维吾尔文
SS号=40300674